ئابلەت ئابدۇللا



# چىدىساڭ ياشا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئابلەت ئابدۇللا

# چەمساك ياشا

(تاللانغان شېئىر - داستانلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن............................................... 1

## شېئىرلار

تۇنجى مۇھەببەت............................................... 3
سۆيگۈ كېچىسى............................................... 3
ئىشق............................................... 3
سېغىنىش............................................... 5
تامچە ئىشقى............................................... 6
قىز ھەققىدە............................................... 7
ئىلى مۇھەببىتى............................................... 8
سېنىڭ ئىشقىڭ ............................................... 13
بىر تىلىم قوغۇن............................................... 15
ل . مۇتەللىپ خاتىرىسىگە............................................... 16
ئاتىلار تىلىدىن............................................... 19
تەلكىدىن ئۆتكەندە............................................... 22
سۇداۋان............................................... 25
ياشلىق زىنىنتى............................................... 29
سايرامدىن ئۆتكەندە............................................... 32
چۆليوتا خاتىرىلىرى............................................... 34



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

توغرىسۇ يايلىقى.............................. 34
تاغ بۇلىقى — ئاشىق كۆز...................... 36
يايلاق سۈرەتلىرى............................. 39
رەيھان......................................... 42
يېڭى يىلدا تاشلىدىم سېنى..................... 44
كەلمىسە پار قەلب سۆيگىنى ........................46
ياشلىقىمنى ئىزلىسەڭ ئەگەر ........................47
مەن —شېئىرمەن............................... 50
يېزا كۈيلىرى................................... 52
بىر يېزا قىزىغا................................. 52
چوقۇر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە....................... 52
كايىش.......................................... 53
كەلدى........................................... 55
يۇرت قەسىدىسى.................................. 57
سەن ئەتىنىڭ ئانىسى............................. 62
«بۇ يەردە سۆيگىنىم ياتار»........................ 63
ئاق دالا......................................... 65
شائىر قەلبى..................................... 66
سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان يەر.................. 67
بىر گۈزەل كىلىۋاتىدۇ............................. 75
چىددىساڭ ياشا.................................. 77
يوقالماس خۇشامەت، يوقالماس شۆھرەت............. 78
گۈلباھار......................................... 79
چەكمەڭلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى.................... 81
سەككىزىمىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن................ 83

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غۇرۇرۇم........................................ 89
ئانا، ئالەم سەن........................................ 93
شائىرنىڭ ھاياتى بولسۇن قىسقىراق........................ 96
قارا چېچىم........................................ 97
ئىككى يۇزلىملەر «ياشاڭلار ئۇزاق»........................ 98
سەھرا قىزى........................................ 100
تورغاي سايرايدۇ ........................................105
ئېرەنلىكتىكى ئەستىلىك........................................ 107
دېڭىز ئۇنچىلىرى........................................ 108
خوشلىشىش........................................ 108
دېڭىز بەرگەن ھېسسىيات........................................ 109
ئىككى ئالەم........................................ 109
قۇياشنى تۇتۇپ........................................ 110
ئانا، قويۇپ بەر........................................ 111
قۇياش چىقتى دېڭىزدىن........................................ 112
نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن........................ 114
قارىقات........................................ 117
مارالتاش سەھرى........................................ 118
نېمە ئۇچۇن يىغلايسەن باھار؟........................................ 121
ئايدىن گۈزەل ئاي شولىسى........................................ 123
رەشك........................................ 124
گۈلنىھال........................................ 125
قانداق قىلاي بۇ يۈرىكىمنى........................................ 128
ئاۋغۇست ئاخشىمى........................................ 130
مۇھەببەت كۆلەڭگىلىرى........................................ 132

ياز خاتىرىسى ..................... 132
داۋاسىز ھەسرەت ..................... 135
گۈل پۈرايدۇ قوش يۈرەك ..................... 137
كۆز ئاچتى جۇڭغار مۇھەببىتى ..................... 138
تۇرمۇش ..................... 140
يىغلىۋالغىن بۇ تۈن ــ بۇ كېچە ..................... 144
ئانا شەھىرىم ..................... 147
يۈز يىلدىن كېيىنكى كىتابخانغا ..................... 148
يارالدىم مىليونغا ھەمراھ ۋە لېكىن ..................... 149
ئۆزۈممۇ مەست، شېئىرىممۇ مەست ..................... 151
بىر كېچە ــ مىڭ بىر كېچە ..................... 152
شۇېرلايدۇ ياپراقلار ئاستا ..................... 152
خىيال ..................... 153
ۋىجدانى يوق ئادەملەر تىرىك ..................... 153
ئاي يىغلىدى ..................... 154
تەقدىر سېنى ماڭا بەرگەنتى ..................... 154
جىمجىتلىقتا كۈچ ۋە مۇھەببەت ..................... 155
رەڭدار زەررىلەر ..................... 156
يالغان ئېيتماس تەبىئەت پەقەت ..................... 156
يېشىلمىدى بۇ سىرلار تېخى ..................... 156
سىر ..................... 157
رەنجىتمەڭلار ئۈنى بىھۇدە ..................... 158
كۆك يۈزىدە بىر سىرلىق ئىلاھ ..................... 160
كىم بېرىدۇ بىزگە تەسەللى ..................... 162
ئەقىدە ..................... 163
قوشنا ئەلدىن كۆي تۆكەر شائىر ..................... 164

موسكۋا پورترېتى ........................ 164
رايا ........................ 167
موسكۋادىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە ........................ 169
«ھەسرەت بېغى» ........................ 170
تۇمەن بويىدا ........................ 171
قەدىمي بالاساغۇن شەھرى ........................ 173
بىشكەكتە يېڭى يىل ........................ 173
بەزىدە ........................ 178
مەستخۇش دەريا ساھىلى بۇندا ........................ 179
ئۆستەڭ بويىدا قىزغۇچرەڭ تالگۈل ........................ 180
سۇرەتتىكى سىر ........................ 181
ئايدىڭدىكى ئاي دالا ........................ 182
رىقابەتلىك بۇ دۇنيا ........................ 187
ئۆرۈك يۇرتى لىرىكىلىرى ........................ 190
شائىرنىڭ ئايالىغا ........................ 195
ھەر كىشىگە ھەر رەڭدۇر دۇنيا ........................ 196
روھىم ........................ 197
قەلىمىدە بىر ئىزگۈ ئالەم ........................ 199
قۇسۇر ........................ 199
تۇنجى سۆيۈش ........................ 199
قەلىمىدە بىر ئىزگۈ ئالەم ........................ 200
بۇلاق ۋە ئادەم ........................ 200
سېنىڭ شائىرىڭ ........................ 202
ئىلى ئاخشىمى ........................ 205
ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىش ........................ 210
كۆلۈمسىرەش ........................ 213

توپىغا چىللىدى بىر ئىزگۈ تىلەك.............................. 215
ئات ئوقۇرىنى تاپىدۇ.............................. 221
ئارماندا كەتكەن دوستۇمغا.............................. 222
كۆي ۋە ئوغۇل.............................. 223
ياخشىلىقنى ئۇنۇتمايدۇ ياخشىلار.............................. 225
يېڭى ئەسىر ئۈمىدى.............................. 228
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر.............................. 229
چىمبۇلاق.............................. 230
ئەمدى.............................. 231
ئەي قەشقەر.............................. 232
يېڭى يىل ئاخشىمى سۇپتايدا يېزىلغان نەزم.............................. 234
ئۇيغۇر تائامى.............................. 238
شېئىر ۋە شائىر.............................. 240
شېئىر.............................. 240
باھار ۋە شېئىر.............................. 241
شېئىر ۋە شائىر.............................. 241
شائىرلارغا ھەزىل.............................. 242
تۇغۇلغان كۈنۈم.............................. 243
ئىلى شەجەرىسى.............................. 246
يامغۇر سىمفونىيىسى.............................. 247
ئىنسان.............................. 252
4 ـ يانۋار خاتىرىسى.............................. 253
سۇپتاينىڭ شەنبە بازىرى.............................. 254
ئاتا.............................. 255
مۇقەددىمە.............................. 255

www.uyghurkitap.com


كوچىدىكى بىر سەبىي بالا ........................ 256
گۈزەلنىڭ كۆز يېشى ........................ 257
شۇمبۇيا ........................ 259
سېنى قانداق ئاتا دەيمەن ........................ 259
كۆك چوققا ........................ 261
بۇلبۇل قېنى ........................ 263
رۇبائىيلار ........................ 264


## بالLADا ۋە داستانلار


تاشقىن رىۋايىتى ........................ 267
ئەخمەتجان ئېيتقان ھېكايە ........................ 274
سەن تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم ........................ 284


## ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرى توغرىسىدا


ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ........................ دولقۇن روزى 295
مېنىڭ روھىمنى ئۆزگەرتكەن بىر شېئىر ........................ مەسئۇت مەرۇپ 318
ئىككى شېئىر ۋە ئىلىدىكى ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىر ........................ ئابلەت مۇھەممەت 324

# ئاپتوردىن

سالام ئوقۇرمەن!

مەن 1944 ـ يىل 5 ـ دېكابىردا غۇلجا شەھىرىنىڭ «پۇشمان» مەھەللىسىدە تۇغۇلدۇم، ئاپامنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، كىچىكىمدە نەچچە قېتىم بالا ـ قازالاردىن ئامان قالغان ئىكەنمەن، ئۆستەڭدە ئېقىپ كېتىپتىمەن، ئېلىپ قاچقان خادىكىنىڭ چاقىنىڭ ئارىسىدا قاپتىمەن، لەگلەك ئۇچۇرىمەن دەپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن، شۇ چاغدا قالغان تارتۇق ھازىرمۇ پېشانەمدە...

ۋاللەي، لەگلەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئوقۇدۇم. ئوقۇشقا ئوتتەك قىزىق ئىدىم. ئىلىم كۆكىدە پەرۋاز قىلىشنى، ھەتتا چەت ئەل ئاسمانلىرىدا ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، كىشىلىك دۇنياسى تاسادىپىي ھادىسىلەرگە باي ئىكەن، ھايات دولقۇنلىرى زەرب بىلەن ئۇرغاندا، ئۆزۈڭنىڭ نەگە چۈشۈشۈڭنى بىلمەيدىكەنسەن ... شۇنداق بولدى. 1962 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا «ئۇمىد» مەكتىپىدىن قانات قېقىپ كۆتۈرۈلگەن ئىدىم، ئۇزاققا ئۇچالماي شەھەر ئەتراپىدىكى «قىزىلىيۇلتۇز» (ھازىرقى «خەنبىلىڭ») گۆشىشىسىنىڭ سانائەت كارخانىسىغا چۈشتۈم.

بۇ كارخانىدا ھۈنەر ئۆگەندىم، كاسسىر، ھېسابچى بولدۇم. 1976 ـ يىلى گۆشىشى رادىئو ئۇزىلىغا يۆتكەلدىم.

1983 ـ يىلى غۇلجا رادىئو ئىستانسىسى (هازىرقى ئىلى ئوبلاست رادىئو ئىستانسىسى) غا يۆتكىلىپ، 1997 ـ يىلى ئارامغا چىققانغا قەدەر مۇخبىر، مۇھەررىر ۋە بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدىم.

ئارقامغا قايرىلىپ قارىسام 1957 ـ يىلى ئىلان قىلغان تۇنجى شېئىرىمدىن ھېسابلىغاندا ئەدەبىيات كوچىسىدا پىرقىراپ يۈرگىنىمگە 50 يىل بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالىدىكەن، ئاشۇ كوچىدىكى گۈزەللەرگە كۆيۈپ، پىشپىلا ئۆتۈپتىمەن، قۇندۇز چاچلىرىم ئاپئاق قارغا ئايلىنىپتۇ...

بالىلىق دەۋرىمدىلا كىتابقا، شېئىرغا ئامراق ئىدىم. ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن داڭلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالغانىدىم، بەزى شېئىرلار هازىرمۇ ئېسىمدە. «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەندەك ئۆزۈم ھەر جايدا، ھەر ئىشتا بولساممۇ، ئۇ گۈزەلنىڭ ئىشقى دائىم مەن بىلەن بىللە بولدى، ئايرىلمىدى. گەرچە تالانتىم جاراڭلاپ تۇرمىسىمۇ، جاھىل ئاشىق ئىدىم. ئاغىنىلىرىم «توشقان» قوغلاپ، تاماشا قىلىپ يۈرگەن ئاخشاملىرى تۈن تەڭگىچە كىتاب ئوقۇيتتىم، خاتىرە يازاتتىم. بۇ گۈزەلنىڭ ۋىسال لەززىتى ئاز، ئازاب ـ رىياسى كۆپ ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بەزىدە تۇرمۇشنىڭ بېسىمى، بەزىدە ۋەزىيەت، بەزىدە ھايات دولقۇنلىرىنىڭ سۇنئىي زەربىسىدە گاھى قەلەمنى تاشلاپ، گاھى ئارىسالدى بولۇپ، گاھى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، «ئىلى مۇھەببىتى»، «ئاق دالا» (شېئىر ـ داستانلار توپلاملىرى)، «كۆمۈش ئۆزەڭگە»، «داغدا قالغان تۇنجى مۇھەببەت» (ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلاملىرى)، «كەنئان باتۇر»، «شاھزادە

دەرمان ۋە مەلىكە دەۋران» (چۆچەك ـ قىسسەلەر)، «مايىمـ
خان» (خەلق داستانى) قاتارلىق ئەجىر، ئەقىدە مېۋىلىرىنى يارىتىپتىمەن.

بۇ ياشقا كەلگۈچە بېشىمدىن نۇرغۇن ئىســق ـ ســو ـ غۇقلار ئۆتتى، ھاياتىمدا ياخشى كۈنلەرمۇ كۆپ بولدى. ئاشۇ ھايات ۋە ئالەمنىڭ تەپەككۇرنى غىدىقلاپ، قىزىقتۇرۇپ، رو ـ شەنلەشتۇرىدىغان سىرلىق روجەكلىرىدىن، ئازابى، خۇشاللىقى ۋە مۇھەببەتلىك بۇلۇڭلىرىدىن كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان چىن ھېسسىيات ـ تۇيغۇلىرىمنى شېئىرىيەتنىڭ قىممەتلىك گۆھەر ـ مەرۋايىتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بېقىشقا تىرىشىپ باقتىم.

ھەر كىم شېئىرنى ھەر تۈرلۈك نىيەتتە يازىدۇ. ياخشى شېئىر يېزىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. «بىر شېئىر بىر ئادەمنى خىسلەتتۇر، ئۇنى ئالىيجاناب ۋە مۇكەممەل قىلىش كېرەك» .①

لەقەمدە ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى كۆرۈنگەنـدەك، بـىر شېئىردا شائىرنىڭ ئۆزى كۆرۈنىدۇ. شائىرنىڭ خاراكتېرى سەـ
مىمىي بولسا، ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ سەمىمىي بولىدۇ. خۇشاـ
مەتچى، شۆھرەتپەرەس، سەمىمىيەتسىز، ئېتىقادسىز «خامىلېـ
ئون» لارنى، كىشىلەر شېئىرىدىن ئاسانلا بايقىۋالالايدۇ. شېئىر تۇرمۇش ۋە شائىر قەلبىنىڭ ئەينىكى.

ئەقىل، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۆزىدە باقىسىڭىز، ئالەم ۋە ئادەم ئۆزى تەبىئىي شېئىرىيەت. سەييارىلەرنىڭ تارتىشقاـ
ندىكى دولقۇن چاستوتىلىرى، سۇلارنىڭ ھەرىكىتى، يامغۇر ـ قارلارنىڭ يېغىشى، دېڭىز دولقۇنلىرى، قۇشلارنىڭ سايرىشى،

---

① ئەيچىلىڭ: «شېئىرىيەت توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىـياتى، 1982 ـ يىل، 99 ـ بەت.

ھايۋانلارنىڭ چاقىرىشلىرى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شامالدا تەۋرى-نىشى ۋە ئۆسۈشى، ھەتتا يەرنىڭ رىتىملىق سىلكىنىشى، ۋۇلقاننىڭ پارتىلىشى (قاراڭ، ئۇ «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىغا قانداق ئوخشايدۇ ـ ھە!) ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكىتى، قان ئايلىنىش، يۈرەك، نەپەس، ئۆپكە ھەرىكىتى ... ۋە باشقىلار قانۇنىيەتلىك، ئۆلچەملىك، رىتىملىق يارىتىلغان. ئۇنىڭدا تەبىئىي مۇزىكا ۋە شېئىرىيەت مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭ تەبىئىتى گۈزەللىك ۋە راستچىللىقتۇر. خەلقنىڭ تەبىئە-تمۇ ھەققانىيلىقنى، گۈزەللىكنى سۆيۈشتۇر. مانا مۇشۇ ئىككى خالىس تەبىئەتنىڭ بىرلىشىشى — داڭلىق شېئىر!

تالانتلىق شائىر دېگىنىمىز — تەبىئەت ۋە رېئال تۇر-مۇشتىكى شېئىرىيەت دولقۇن چاستوتىلىرىنى ئىنساندىكى شې-ئىرىيەت دولقۇن چاستوتىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇشقا ماھىر ئا-دەمدۇر. «يىللارغا جاۋاب»، «ئىز»، «تۈگىمەس ناخشا» نېمە ئۈچۈن داڭلىق؟ ئۇنىڭدا ئاشۇ خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە.

پىكىر، تەپەككۇر قىلىش — شېئىرنىڭ تەقدىرىنى بەل-گىلەيدۇ، شېئىرنىڭلا ئەمەس، ئۇ ئىنساننىڭمۇ تەقدىرىنى بەل-گىلەيدۇ. كىمكى پىكىر قىلالمايدىكەن، ئۇ خارلىنىدۇ، زارلىنى-دۇ...

ياخشى شېئىردا شائىر ۋە ئالەم ھەرقانداق سىرتقى كۈچلەرنىڭ بېسىمىدىن مۇستەسنا ھالدا بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز خېلى بىر مەزگىل تۇرلۇك سىرتقى ۋە ئىچكى ئىدىيە ۋە ئېقىملارنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ قەدىمكى پاساھەتلىك، لىرىك، سەنئەتلىك

ۋە ئەڭ مۇھىمى چىنلىق ئۇقۇمىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. شائىرلار- نىڭ يەككە ئىندىۋىدۇئال سۇبيېكتىپ تۇيغۇ دۇنياسى داۋال- غۇپ، ساختا «ئىلھام» شېئىرىيەتتە سۇنئىيلىكنى ئەۋج ئال- دۇردى. بۇ ھال تاكى 1980 ـ يىللارغا قەدەر داۋاملاشتى. گەرچە ئۇ مەزگىللەردە ناھايىتى ياخشى بىر تۈركۈم شېئىرلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارازىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالمى- دى. پەقەت ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىنلا ئۇيغۇر شېئىرى- يىتى ئۆزىنىڭ جانلىق، چىن ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى رەڭدار قىياپەت بىلەن يېڭى تەرەققىيات پەللىسىگە قەدەم تاشلىدى.

ئاشۇ دەۋردىكى قايمۇقۇشلار ئىچىدە مەنمۇ بار، ئەل- ۋەتتە. لېكىن ئۇ مەزگىللەردە ئاز يازغىنىممۇ ياخشى بولغانى- كەن، بولمىسا تارىخ ۋە خەلق ئالدىدا قىزىرىپ قالاركەنمەن.

كېيىنكى يىللاردا يازغان شېئىرلىرىم ھەقىقەتەن ئۆز قەل- بىمنىڭ ئىنكاسى، ھەربىر شېئىرنىڭ پروتوتىپى، ۋەقە، ھېكايە- سى بار. ئەگەر مەن بۇ شېئىرلىرىمدىكى ۋەقەلىكلەرنى ھېكا- يىلەشتۈرسەم، جەزمەن ئۇ مېنىڭ ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپەم ھەققىدىكى قىزىقارلىق رومان بولغان بولاتتى.

ھاياتىمنىڭ ئەگرى ـ توقايلىق، تاش ـ داۋانلىق يوللى- رىدا ھارۋىدىن چۈشمەي، چۈشسەممۇ تاشلاپ كەتمەي ياندى- شىپ، قەلەم قامچامنى چىڭ تۇتقانلىقىمنىڭ ئاز ـ تولا نەتىجى- سى كۆرۈلدى. بىرقانچە شېئىر ـ ھېكايىلىرىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بىرقانچە شېئىر، ھېكايە ـ نەسرلىرىم خەنزۇچىغا، بىر قىسىم شېئىرلىرىم رۇس، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. شۇنداقلا، قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە «ئاززۇ»، «مەرىپەت»

قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلدى، بىر قىسىم ئەسەرلىرىم ئوقۇش دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى، بىر قىسىم شېئىرلىرىم 1985 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «قېرىنداش ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئانتولوگىيىسى» ناملىق تۈركچە توپلامغا ئېلىندى.

مەن ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن!

ئاشۇ سەۋدالىق كوچىسىدا بىر ئۆمۈر تاللاپ تىزىپ كەلگەن بۇ گۈلدەستەم سىزگە شېرىن، لەززەت ۋە يېڭى تۇيغۇ ـ پىكىر ئاتا قىلسا مەن ئەجرىمدىن تولىمۇ راھەتلەنگەن بولاتتىم...

2007 ـ يىل دېكابىر

www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

تالىشقىلار، تالايغا رىقابەتلىك بۇ دۇنيا،

تالاشمىغان ئادەمگە قاباھەتلىك بۇ دۇنيا،

ھېچ قىزىقى بولمايدۇ تالاشمىغان ئويۇننىڭ،

گويا توپىقا ئوخشايدۇ بىكارامەتلىك بۇ دۇنيا،

## تۇنجى مۇھەببەت

### سۆيگۈ كېچىسى

ياشلىقىمنىڭ بەختىنى كۆردۈم
ئاشۇ گۈزەل سۆيگۈ كېچىسى.
ھاياتىمغا سەن ھۆسن قوشتۇڭ
پاك سۆيگۈمنىڭ قىزىل غۇنچىسى.

ياشلىققا كەڭ، ياشلىققا شادلىق
مۇھەببەتنىڭ گۈزەل كوچىسى.
دىلغا ئىلھام، كۆڭۈلگە تاتلىق
سۆيگۈ كېچىسى، سۆيگۈ كېچىسى.

1961 ـ يىل

### ئىشق

باشقىلارنى دوراپ ئۆزۈمچە،
ئىشق بىلەن ئوينىشىپتىمەن.
كۆرۈنگەننى چىللاپ ـ قىچقىرىپ،
ئىشق دېگەن مۇشۇ دەپتىمەن.

ماختىغۇدەك گۈزەل ئەمەسسەن،
نېمشقىدۇر تارتتىڭ زوقۇمنى.
گۈزەللەرگە پىسەنت قىلماسمەن،
بۇزدۇڭ مېنىڭ ئارام، ئۇيقۇمنى.

ماڭا بايرام، ماڭا خۇشاللىق
سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام.
تۈگىمىسە شۇ سائەت دەيمەن،
مۇمكىن بولسا كۈننى ئۇزارتسام.

گۈزەل خۇلقۇڭ، پەزىلىتىڭدىن
يۈرىكىمگە چېكىلدى كەشتە.
ئارام، بەختىم، ياشلىق باھارىم
ئىشقىڭغا خاس، ساڭا پەيۋەندە.

مېنى شۇنچە ئۆزىگە تارتقان
قانداق قۇدرەت، كۈچ بار سېنىڭدە؟
جاۋاب بېرەر سېھىرلىك كۆزۈڭ:
«ئىشق دېگەن گۆھەر مېنىڭدە...»

1962 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سېغىنىش

مەن سېنى ئوقۇشقا ئۇزاتقان كېچە
ئېتىزغا كەتتىم ـ دە، دالىدا ياتتىم.
ئېتىمنى ئارقانداپ بېدە ـ چۆپلۈككە،
كاۋىلىق باراڭدا خىيالغا پاتتىم.

دالا جىم، ئۇيقۇدا، پەقەت قوناقلىق
قەدىمىي بىر كۈيگە ناخشا ئېيتىدۇ.
نەدىسەن شۇ تاپتا مېنىڭ گۈزىلىم،
كۆڭلۈڭدە قانداق ئوي ـ خىيال كېزىدۇ؟

يادىمدا تارتىنىپ سېنى سۆيگىنىم،
سۆيگۈڭنى سۆزلىگەن قارا كۆزلىرىڭ.
خىيالەن قارايمەن ئەتراپقا ئاستا،
خۇش كۈلۈپ تۇرغاندەك يېنىمدا ئۆزۈڭ.

ئاھ، بىراق سەن يوقسەن، يوقسەن قېشىمدا،
پېچىرلار كەپەمنى چېكىپ شوخ شامال.
يۇلتۇزلار تولۇپتۇ ئەنە ئاسماندا،
قايغۇمنى قاچۇرماق بولغاندەك بۇ ھال.

ئويلايمەن: شۇ تاپتا سەنمۇ يۇلتۇزغا،
كۆڭلۈڭنى ئاتقانسەن قىلىپ ئىشارە.
مېنىڭمۇ يۈرىكىم كۆيگەندەك ئوتتا،
سېنىڭمۇ يۈرىكىڭ بولغاندۇ پارە.

1962 ـ يىل ئۆكتەبىر

## تامچە ئىشقى

يامغۇر تىندى، ياپراق كۆكسىدە
كۈمۈش ئۈنچە جىمىرلاپ كەتتى.
ئۇ ياپراقنى سۆيۈپ ـ باغاشلاپ،
قۇلىقىغا پىچىرلاپ دەيتتى:

«سېنى سۆيدۈم، چۈشتۈم ئەرشتىن،
بىلىنمىدى شۇنچە يول يىراق...»
كۈلدى ياپراق،
ياشناپ تۈن بويى،
مۇھەببەتتىن تىڭشىدى قوشاق.

كۈن پارلىدى، تامچە بولدى پار،
ئۇچۇپ كەتتى يەنە ھاۋاغا.
تامچە ئىشقى قەلبىنى ئۆرتەپ،
شۇۋىرلايدۇ ياپراق شامالغا...

1962 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى كتابخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىز ھەققىدە

چۈشىنىپ بولمايدۇ قىزنىڭ خۇلقىنى،
نەزەرگە ئالمىغىن ئۈنىڭ تۇرقىنى.
سۆيگەندە ئالدىراپ كەتمە مەست بولۇپ،
قالمىسۇن كۆڭلىرىڭ كېيىن تەس بولۇپ.

بىر ئۆمۈر كۆڭلۈشكە ۋاقت بار تېخى،
بىلىپ قوي بەك يامان ھىجرانىنىڭ تىغى.
مۇھەببەت يىلتىزى بولسا مۇستەھكەم،
بولىدۇ گۈللىرى شۇنچىلىك كۆركەم!

1962 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

# ئەلى مۇھەببىتى

تەلكىدىن چۇشۇپ كەلسەم
ئەلى باغلىرى بوستان.
بۇلبۇلغا قۇلاق سالسام،
داڭقىڭنى قىلار داستان.
— ئەلى خەلق ناخشىسى

تۇردىۇ بىلدە بىر بەلۋاغ بولۇپ،
كۆمۈش رەڭ لىنتىدەك تاشيول سوزۇلۇپ.
ياپپىشىل دۇنيادىن ئەقلىڭ بولۇپ لال،
چۈشسەڭ تەلكىدىن غەرق مەست بولۇپ.

ئالدىڭدا مەخمەلدەك ئەلى ۋادىسى،
ياتىدۇ ئۇپۇقتا تاغقا قويۇپ باش.
باغلارغا چۆمكەلگەن دېھقان ئۆيىدىن
ئۆرلەيدۇ ئاق تۈتۈن يىلانغا ئوخشاش.

مەي بولغان پەسىل بۇ ئۆرۈك، ئالمىسى،
ھەر شاختىن تامىدۇ چىپلەكلەپ شەربەت.
بۇلبۇللار خەندانە سايرايدۇ تاڭدا،
مەست بولغان بۆدۈنە كۈيلەر مۇھەببەت...

يىگىتلەر بېلىدە پوتا، قىزلارنىڭ
قولىدا سېۋىتى، كۈيلىرى ياڭراق.
ئۇلار بار قۇچىقى گۈل ئېتىزلارنىڭ،
خاماندا ئالتۇن چەش،
تويلىرى قايناق.

مېھماندوست چوڭ ئانام توقاچ ئۇشتۇيدۇ،
«بېقىلىڭ» دەپ ئۆرۈكتەك ئەتكەنچاي بىلەن.
قوتاندا كالا، قوي، موزاي... كۆشەيدۇ،
كۈنلىرى ئۆتىدۇ شېكەر، ماي بىلەن.

يايلاقلار ئويغىنار مالچى كۈيىدىن،
يۇلتۇزدەك ئاقىدۇ تۇلپارلار ھەيۋەت.
قۇلۇنلار قىيغىتار كىشنەپ بەللەردىن،
ۋە يايلاق ئاخشىمى بېرىدۇ لەززەت.

تاڭ بىلەن قايتىسەن بالچى ئۆيىدىن،
ئىپار ھىد ھاۋادىن كۆكسۈڭنى كېرىپ.
تويمايسەن ھۆسنىگە بېقىپ تاغلارنىڭ،
كۈن چاشكا بولىدۇ بۆلجۈرگەن تېرىپ.

ناخشىسى — ئوزۇقى ئادەملىرىنىڭ،
كېلىدۇ ئىلھامى ئەمگەك ئىشقىدىن.
تەبەسسۇم ئوينايدۇ غۇنچە لېۋىدە،
ناخشىدەك سۆيىدۇ ھاياتنى قىزغىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈلمەس ناخشا بۇ — ھايات بۇلىقى،
سەككاكى، شاھ مەشرەپ، نازىم مۇڭ قاتقان.
قوينىدا ئۆركەشلەر كۈمۈش ئېقىنى،
دەرياسى ئەمەس ئۇ،
ناخشىدۇر ئاققان!

دەريانىڭ لېۋىنى سۆيگەن مەجنۇنتال
ئەسلىتەر سۆيۈملۈك نوزۇك① چېچىنى.
يۈرىكى بۆلۈنگەن سەرسان كۆچمەننىڭ
شۇ تۇپراق سىڭدۈرگەن قانلىق يېشىنى...

ئەسىرلەر شاملى يالاپ مۇزلاتقان
ئۇ بۈيۈك گۈمبەزلەر ئەمەس خاك ـ تۇپراق.
باغرىغا ئاجايىپ تارىخنى باسقان
شۇۋاقلىق مازارلىرى ئەبەدىي ئويغاق.

سەن خىيال دەرياسىدا ئۈزەرسەن، بىردىن
چېغلىقلار ئارىسىدىن ئۈركۈيدۇ توشقان.
بىلەمسەن شۇ يەردىن توشقان ئۈركۈتۈپ
ئۆتكەنتى سادىرنىڭ ئېتى بىر زامان...

① نوزۇك — نوزۇگۇم.

بۇ مېنىڭ بۆشۈكۈم —
جان باغرىم ئىلى،
شۇ يەردىن ھاياتقا تاشلىدىم قەدەم.
شۇ سەۋەب بۇ يۇرتنىڭ ھەربىر تال تېشى
ئەزىزدۇر مەن ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ ھەم.

ئەي ئىلى!
دۇنيادا يۇرت كۆپكى، بىراق
سېنىڭدەك گۈزەل يۇرت تېپىلماس بۇندا.
ئىستەيدۇ يۇلتۇزلار بولۇشقا مونچاق،
چولپانمۇ ھۆسنۈڭدىن توقۇيدۇ ناخشا.

مۇبادا شۈگۈسام يەرقەھرىگە مەن،
مەدەنلەر شاھنشاھى قۇچاقلار مېنى.
تاغلاردىن ئۇقچۇغان بۇلاق سۈيىدەك،
سۆيىمەن بىغۇبار، مەغرۇر قەلبىڭنى!

سەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن تۇتتۇم قەلەمنى،
بىر ئالماك يېزىشقا ئەرزىيدۇ ئون يىل.
بۇ ياشلىق ھۆسنۈڭدىن نۇر تامغان چېغى،
مۇھەببەت شەربىتىنى سۇنىدۇ ھەر دىل!

www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك يۇرتۇم، گۈل ھۆسنۈڭگە بېقىپ،
سۆيگۈ ۋادىسىدىن تىزدىم گۈلدەستە.
بەختىم شۇ:
ئىجادىم بىر يۇلتۇز بولۇپ،
مۇھەببەت ئاسمىنىڭدا چاقنىسا، كۈلسە!

1975 _ يىل

## سىنىڭ ئىشقىڭ...

سېھرى بىلەن تەبىئەت ئەگەر
دەرەخ قىلىپ ياراتسا مېنى،
شۇ چاغدىمۇ يىلتىزىم بىلەن
قۇچاقلايتتىم ۋەتىنىم سېنى.

ئويناق، ئەركە سۇلىرىڭ بولسام،
باغرىڭنى چىلىك سۆيۈپ ئاقاتتىم.
هارارەتتىن پارغا ئايلانسام،
كۆكتىن يەنە ساڭا تاماتتىم.

بولسام مەيىن باھار شامىلى،
چاچلىرىڭنى يۇمشاق تارىسام.
يۇلتۇزلىرىڭ بولسام كۆكتىكى،
جامالىڭغا تويماي قارىسام!

ياق!
بولمايمەن تەبىئەت ھۆسنى،
تەبىئەتتە يوق ھېسسىيات، يۈرەك.
سېنىڭ چەكسىز، ئۇلۇغ سۆيگۈڭنى
سېزىش ئۈچۈن پاك يۈرەك كېرەك.

سۆيۈنمەن ئىپتىخارلىنىپ،
چىن ئىنسانىمەن
تۆرەلگەن سەندە!
بېغىشلىدىڭ مېھىر ـ ئىشقىڭنى
مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان دەمدە.

سېنىڭ بىلەن قوشكېزەك بەختىم،
سەن مېھرىبان ماڭا تائەبەت.
بورانلاردا ئۆچمەيدۇ ئەسلا
مېھرىڭ بىلەن يانغان مۇھەببەت!

1975 ـ، 1978 ـ يىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# بىر تىلىم قوغۇن

شەربەت تېمىپ تۇرغان قوغۇندىن
ھۇزۇرلىنىپ يېدىم بىر تىلىم.
تومۇرلاردا ئاقتى لەززىتى،
ئۇھ، ئەجەبمۇ سۆيۈندى دىلىم.

«بوۋا! قوغۇن چۈنەكلىرىدە
سۇ ئاقامدۇ، شەربەتمۇ؟» دېدىم.
بوۋاي كۈلۈپ مەنىلىك باقتى،
تۇپراقتىن ئۇ ئېلىپ بىر سىقىم.

مەن چۈشەندىم ئۇنىڭ سىرىنى،
مۇھەببەتتىن ئېرىدى تېنىم.
گىياھلاردا ئاققان شەربەتنىڭ
ئانىسى سەن مېنىڭ ۋەتىنىم!

1978 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ل . مۇتەللىپ خاتىرىسىگە

قۇرۇق سۆز ئەمەس بۇ، شائىر ئەل بىلەن
ئەڭ ئېغىر يىللاردا بولدى ھەمنەپەس.
كىم ئۇنى چۈشەنگەن ئەل چۈشەنگەندەك،
ئۇ خەلق ئوغلانى،
بۇلبۇلىدۇر، بەس!

مەن ئۇنى نەۋائى دېمەيمەن، ئەمما
ئىزنى باسمىغانلار يۈرىكىمگە يات.
كۆمۈلۈپ كەتمەيدۇ قۇيۇندا ھېچۋاق
لۇتۇننىڭ ئۆمرىدەك جەڭگىۋار ھايات!

سېغىنىش ھېسسىياتىمنى باسالماي بۇ دەم،
شۇ باتۇر يىللارغا تاشلىسام نەزەر،
قارا تۈن قوينىدا چاقنىغان ئىدى
ئەرك سۆيەر ئوغلانلار قولىدا خەنجەر.

بىر يورۇق يۇلتۇز بولۇپ تارىم كۆكىدە
مۇتەللىپ شېئىرىدىن تۆندە نۇر چاچقان.
يىللارغا جاۋاب بېرىپ ئىجاد ـ ئەجرىدىن،
ئەل سۆيگەن ناخشىسىدىن ئۇچقۇن تاراتقان.

ئۇ ئۇزاق خاتىرىلەر،
مەن كىچىك ئىدىم،
ئېسىمدە،
ئاڭلايتتىم شۇ جەڭدىن قىسسە.
شائىرنى جادۇغا باستى دېگەن كۈن
تولغىنىپ ئۆرتەندىم يۇتۇپ غەم ـ غۇسسە...

كۆز يۇمدى ئۇ باتۇر يىللار كۈيچىسى،
ئىتلاردىن يەم تىلىمەس مەغرۇر ئارسلان.
كۆز يۇمدى ئۇ تالانت «قاينام ئۆركىشى»،
تونۇدى غۇرۇرىنى، داڭقىنى جاھان!

*

ئوقۇدۇم مەكتەپتە «ياشلىق ئۆگەن»① نى،
ئويغاتتى قەلبىمدە ئىلىمگە ھەۋەس.
بىلمىدىم، نىچۈككى ئۇنىڭ داڭقىنى
كۆرەلمەس ھەسەتخورلار بەلكى يوق ئەمەس.

«مۇھەببەت ـ نەپرەت»② نى ئوقۇماق بولسام،
ھېيقماي قولۇمدىن تارتىۋالغان كىم؟!
يۈرەككە داغ سېلىپ ئۆتتى ئۇ زامان،
تۇتقۇنلۇق شۇ يىللار ئۇنى سېغىندىم.

① ل.مۇتەللىپنىڭ شېئىرى.
② ل.مۇتەللىپنىڭ داستانى.

سېغىندىم،
مۇتەللىپ، سېغىندىم سېنى،
سەن ئۇچۇن قوشاقمۇ قاتمىدىم ئەمما.
بوينۇمنى قىل بىلەن باغلىغان يىللار،
ھەتتا چۆچەك ئېيتىش سانالغان گۇناھ...

قىزىق ئىش:
غالجىرلار «بىرلا چىشلىسەك
مۇتەللىپ يەر يۈزىدىن يوقىلار» دېدى.
يوقىتىپ بولامدۇ شېئىرىيەتنى،
ئۇ سەنئەت بېغىنىڭ گۈلتاجى ئىدى.

شېئىرىيەت يۇرتى بۇ —
بۇلبۇل ماكانى،
سامسىپەز سامسىسىنى قوشاقتا باغلار.
«يىللارغا جاۋاب»① نى يادلاۋاتقان كىم؟
تاڭ بىلەن مەكتەپكە يول ئالغان دىلدار!

1979 ـ يىل سېنتەبىر

① ل.مۇتەللىپنىڭ شېئىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاتىلار تىلىدىن

بوۋىلارنىڭ قولىدىن چۈشمىگەندەك راۋابى،
ئاتىلارنىڭ تىلىدىن چۈشمەي كەلدى چۆچەكلەر.
باق، تەپەككۇر كۆزىدە ئەسىرلەرنىڭ جاۋابى:
چۆچەك ئەمەس غايە ئۇ — ئۈمىد، ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

كىچىكىمدىن چۆچەككە ئامراق ـ ئاشنا بالىدىم،
چۆچەك تىڭشاپ ئۆتكۈزگەن تالاي ئاخشام ـ كېچىنى.
ئېدىرلاردا ئات بېقىپ يۇلتۇزلارغا باقاتتىم،
ۋۇجۇدىمدا ھېس قىلىپ باتۇر سۇمۇرغ كۈچىنى.

كۆزلەكلەردە ئايغايلاپ ئۆستۈم بەگۋاش، قورقۇمسىز،
ئەپسانىۋى قەھرىمان بىللە ئىدى ھەر زامان.
ئوتلاق — ئۇچار گىلەمدۇر خيالىمدا تىنىمسىز،
«گۆر ئوغلى» نىڭ دۇلدۇلى مېنى كۆككە ئۇچۇرغان.

مۇھەببەتنى ئويغاتقان ھۆر ـ پەرىلەر خىيالى،
كەتتىم قانداق، سەزمىدىم بالىلىقتىن ئۇزاقلاپ.
يۇرتۇمغا زوق ئويغاتقان چارباغلار جامالى،
ياۋنى قىلدىم سۇر ـ توقاي «ئۇر توقماق» نى قىياسلاپ.

ئۇلار ئاددىي ئادەملەر ماڭا چۈچەك تىڭشاتقان،
تۈھپىسى يوق دەپ قېنى ئېيتالايدۇ كىم كېسىپ.
شائىرلىقىم، ماختىساڭ، تەسەۋۋۇرۇم بېيىتقان
ئاشۇ بوۋاي ـ مومايىنى قۇچاقلايمەن چىڭ قىسىپ.

بارىمىكىن تاڭ مەن بىلەن يادا باققان، چۆپ چاپقان
ئاشۇ دىلكەش ئاق كۆڭۈل مۇسا بوۋاي چۆچەكچى.
كاۋا كۆمۈپ قوقاسقا، يوقسۇزلۇقنى تەڭ تارتقان،
بىنەم ساقلاپ كۆزلەكتە بولغان ئىدۇق جىسەكچى.

باللىقنى ياد ئېتىپ بۈگۈن ئۇنى سېغىندىم،
هايات خاتىرى بۇ كۈن ياناركەن بىئىختىيار.
ئۆتكۈزمەككە پادىچى بىلەن يىلنى سىردىشىپ،
يوقلاپ باردىم، چۆچەكمۇ تىڭشىماققا ئىنتىزار.

قۇچاقلاشتۇق، ئاق مەشۇت سىلىغاندەك يۈزۈمنى،
ئاق ساقىلى تىترىدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ.
كېلىن، نەۋرە ـ چەۋرىلەر ھەيرانە ـ ھەس كۆزىنى
بىزگە تىكتى تېلېۋىزور «يامغۇرىدىن» دەم سەگىپ.

مول داستىخان ئالدىدا ئۇ خىيالىي چۆچەكلەر
بولدى ئۆمۈر بېغىدا خاتىرىلەر قىممىتى.
دېدى بوۋاي:«مەن ئېيتقان جاھاننەما ئەينىكى،
مۇشۇ، ئوغلۇم، ئۇ ھازىر ئۆيىمىزنىڭ زىننىتى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

تەپەككۇرى ئىنسانىنىڭ ئۆزى ھېكمەت ـ مۆجىزە،
ئىنسانلارغا بۇ ئالەم ئەمەس ئەمدى سىر ـ قەپەس.
ئاھا، مۇشۇ كۈنلەردە قالارمىدىم ياشىرىپ،
ئوغلۇم، بۇ ئوي ـ خىيالغا ئىشەنچىممۇ يوق ئەمەس!...»

بوۋىلارنىڭ قولىدىن چۈشمىگەندەك راۋابى،
ئاتىلارنىڭ تىلىدىن چۈشمەي كەلدى چۆچەكلەر.
باق، تەپەككۇر كۆزىدە ئەسىرلەرنىڭ جاۋابى:
چۆچەك ئەمەس غايە ئۇ — ئۈمىد، ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

1980 ـ يىل دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەلكىدىن ئۆتكەندە

(ئوقۇشقا ماڭغانلار تىلىدىن)

توختات، شوپۇر، ماشىناڭنى بىر نەپەس،
كۆرۈۋالاي گۈزەل تەلكە ئىچىنى.
كېيىك كۆزلۈك بۇلاقلارغا سۆز ئېيتىپ،
باغاشلايمەن يېشىل قارىغاي، ئارچىنى.

قۇچىقىدا قۇلۇن بولۇپ ئەركىلەپ،
قىيغىتايمەن ئىچ ـ ئىچىمگە پاتماستىن.
بۇ يۇرتۇمنىڭ گۈل بەلۋېغى،
گۈل تېغى،
تۇرالامدىم مەن ھۆسنىگە باقماستىن.

توختات، شوپۇر، ماشىناڭنى بىر نەپەس،
ئىچۋالاي شەربەت تەلكە سۇيىنى.
بەختى كۈلگەن چوپان بىلەن سىردىشىپ،
ئالغاچ كېتەي ئۇنىڭ يۈرەك سۆزىنى.

ھەر يۇرەكنىڭ ئۆز خۇشلۇقى،
سىرى بار،
سۆيگۈسىمۇ، نەپرىتىمۇ ئۆزگىچە.
ئەنە چوپان دەيدۇ:
تەلكە ئۆز ئانام،
مېھرىگە ھېچ قانمايمەن تا ئۆلگىچە.

ئۇنىڭ گۈزەل قۇچىقىدا مال باقسام،
ئەڭ بەختلىك ھايات ماڭا شۇ دەيمەن.
پىلانىمدىن ئاشۇرۇپ كۆپ تۆل ئالسام،
ئۇنى يەنە شۇ ئانامغا ئارنايمەن. ①

توختات، شوپۇر، ماشىناڭنى بىر نەپەس،
تېرىۋالاي بۆلجۈرگەندىن بىر قالپاق.
قايسى باغۋەن بىنا قىلغان باغدۇ بۇ،
ئالما، ئۆرۈك پۇرىقىدىن مەست تۇپراق.

تەلكە، سېنى يايلاق دېسەم، تاغ دېسەم،
قوينۇڭ گۈزەل ئورمان ئىكەن، باغ ئىكەن.
ۋۇجۇدۇڭدا مۇجەسسەمكەن تۆت پەسىل:
ئۇستۇڭدە قىش، ئاستىڭ باھار، ياز ئىكەن.

توختات، شوپۇر، ماشىناڭنى بىر نەپەس،
سالام بېرەي تاغ گۈلگە ـ چېچەككە.
كېلىنچەككەن گۈل دېگىنىم، چېچىكىم،
ئۇنچە ـ ياقۇت تاقىۋاپتۇ كۆكرەككە.

① ئارنايمەن (قازاقچە) — بېغىشلايمەن مەنىسىدە.

ئەي كېلىنچەك،
قايسى قوشتىن① كېلىسەن؟
چېلەكتىكى قىمىزمۇ يا ئاق مايمۇ؟
قىز كۈلدۇ:
«مېھمان بولۇپ كەت مۇندا
تېپىلىدۇ ئاق ماي تۇرماق ئۇلارمۇ...» ②

توختات، شوپۇر، ماشىناڭنى بىر نەپەس،
چاقىرىدۇ مېنى يېشىل قارىغايزار.
ئاڭا باقسام ئانا يەرنى قۇچاقلاپ،
ياپراقلىرى ئىلھام بېرىپ شۇئىرلار.

گۈزەل قارىغاي!
تېخى يىراق مەنزىلىم،
ئالدا يەنە قانچە ئۆتكەل ـ داۋان بار.
لېكىن، مەنمۇ ياش قارىغىيى ئىلىمنىڭ،
تىك چوققىغا ئۆرلىمەككە ئەھدىم بار.

مەن ياشايمەن كىتابلارغا سىردىشىپ،
ئۆستۈرىدۇ دىل مېھرىدە باغۇىنىم.
ئانا يۇرتۇم، مېنى كۈتكىن، قايتىمەن،
ساڭا تەقدىم پۈتكۈل بىلىم ــ بايلىقىم.

1980 ـ يىل

① قوش ــ قازاقلارنىڭ يايلاقتا بىرقانچە قارىغاي چەنزىسىنىڭ ئاستىنى كېرىپ، ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈستىگە كىگىز يېپىپ ياسىغان كىچىك ئۆيى.
② ئۇلار ــ قىممەتلىك تاغ قۇشى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سۇۋادان

دەرۋازامىنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن گۈزەل سۇۋادان
تۇرار ئېگىز، ھەيۋەتلىك بەستى بىلەن كۆك تىرەپ.
چىمەن قىرغاق لېۋىدە ـ سايىسىدا دەم ئالسام،
تېنىم يايراپ، ھېسسىياتىم ئۇرغۇپ تاشار ئۆركەشلەپ.

بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ ئۆسكەن بىز،
مەن تۇغۇلغان كۈن سېنى دادام ئۆزى تىككەنىكەن.
«قىرىق سۈيى» قۇيغاندا ئانام مېنى ئارزۇلاپ،
«سۇۋاداندەك قامەتلىك يىگىت بولسۇن!» دېگەنىكەن.

يىللار ئۆتتى...
ئەر يەتتىم، سەنمۇ تەڭلا ئۇلغايدىڭ،
قۇچاقلىسام قۇچىقىم يەتمەس ئەمدى، بۇ ئەجەب؟!
تۆكۈلگەن ھەر ياپرىقىڭ ئۆتكەن كۈنى ئۆمرۈمنىڭ،
ھەر باھاردا بىخ سۈرسەڭ كۆلدى كۆڭلۈم چېچەكلەپ.

ساڭا غەيرىي ئەمەستۇر پىچىرلاشسام يار بىلەن،
ئاق پوستۇڭغا پۈتۈلدى سىرلىق سۆيگۈ كىتابى.
مېنىڭ ئىزگۈ سىرىمنى چىلىڭ ساقلىغان دوستۇمسەن،
ساڭا سىرداش خۇشلۇقۇم ۋە كۆڭۈلنىڭ ئازابى!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

باسقان چېغى ئۈستۈڭنى قارا بۇلۇت، مېنى غەم،
كۆز يېشىمىز ئاققانتى شۇ ئۆستەڭگە لىق تولۇپ.
گاھى سەھەر، گاھى كەچ ئۈزمەي چېكىپ دەممۇدەم،
پىغانىمنى باساتتىم مەن يېنىڭدا ئولتۇرۇپ.

كېچە، بۇلۇت ئارا ئاي ئۈزەر غەمكىن، دىلدارىم
ئەسكە چۈشكەچ، تولغىنىپ ئېسىلىمەن بويىنۇڭغا.
زاتود① قۇرغان تۇزاقتا غازاڭ بولدى گۈلنازىم،
ئېلىپ كەتتى قارا يەر ئەبەدىي سوغ قوينىغا...

مىنۇت ساناپ توشماقتا سوراقچىنىڭ «قەرەلى»،
تاللا دەيدۇ ئىككى يول: بىرى جەننەت، بىرى دار.
تەقدىرىمنى يەر ـ ئاسمان قىلىش ئىمىش ئۆزئەركى،
ھاياتقا زوق بولامدۇ ئەركىڭنى يات قىلسا خار!

كاشكى شۇ تاپ قۇش بولسام، ئۇچۇپ كەتسەم پۇررىدە،
تەرك ئېتىپ بۇ چەرخ ئازابىنى بىر يولى.
يا شۇڭغۇسام بىلىق بوپ تېرەن سۇنىڭ تەكتىگە،
يەتمەسمىكىن شۇندىلا ئىبلىسلارنىڭ شۇم قولى.

---

① زاتود — «مىڭ بىر كېچە»دىكى جادۇگەر موماي، بۇ يەردە جىياڭ چىڭ كۆزدە تۇتۇلدى.

ئاقار ئۆستەڭ شىرىلداپ، ئۇزەر قايغۇ يەلكىنى،
ھايات زوقى كەتمەكتە ئىدراكىمنى ئوغرىلاپ.
قەيەردىندۇر ئاڭلىنار ئەنسىز مىلتىق ئاۋازى،
قوشنا روجەك قاراڭغۇ، بوۋاق يىغلار بۇقۇلداپ...

قايان كەتتى ئانىسى، قايان كەتتى ئاتىسى،
نىچۇن بۇ دەم بەزلىمەس ئانا بېسىپ كۆكسىگە؟
ئاتا كەتكەن تۈرمىگە، ياتار ھوشسىز ئانىسى،
ھېلىراقتا بۇ ئۆيدە كۆرۈنگەن يات كۆلەڭگە...

ئاھ، نېمىشقا بىلمىدىم ساز قەدرىنى، دەرد باسقىلى،
دىل ساداسى پۈتمىگەن شائىرلىقىم دەرگۇمان.
مۇسىبەتلىك كۆز يېشى، غەزىپىمنى باسقىلى،
پەقەت ماڭا يار بولدى ئۆستەڭ بويى، سۇۋادان.

شۇرلايدۇ كۆڭلۈمگە بېرىپ مەدەت ـ تەسەللى:
«چىدامىلىق بول ئەي يىگىت، ئەتراپىڭغا نەزەر سال.
چىقىپ قانچە شۇرغان، ئۆتتى قانچە جۇت پەسلى،
مەزمۇت تۇردى خانتەڭرى، ئۇچتى پەقەت نازۇك قار.»

ياشاش مۇشكۇل، چىدامىلىق سىنىلىدۇ مۇشكۇلدە،
مۇشەققەتكە چىدىماق چىن ئىنسانىنىڭ خىسلىتى!
ھايات شامىم پىلىلداپ ئۆچەي ـ ئۆچەي دېگەندە،
ھاياتقا زوق ئويغاتتى ئاشۇ تۇيغۇ ھېكمىتى...

ئاھ، سۆيۈملۈك تېرىكىم، تىرىكىمسەن، يۆلىكىم،
تەك ئۆتكۈزدۈق باھار ـ ياز، جۈت ـ زىمىستان پەسلىنى.
ساڭا باقسام سۆيگۈدىن يالقۇنلايدۇ يۈرىكىم،
سىناپ ئۆتتى شۇ دەۋران چىن ئىنساننىڭ ئەسلىنى.

سۇۋادىنىم، كۆركسەن، زىننەتسەن ئىلىنىڭ،
كۆرۈنسەن كۆزۈمگە ئەجەب گۈزەل گۈلسىياق.
تەرىپىڭنى مىسراغا تىزىپ قانماس بۇ دىلىم،
كېزىپ كۆڭلۈم ئالەمنى تاپتى پەقەت شۇنى باب:

بۇ ئەجەبكى، قەلەمدە يۈكسەك، گۈزەل مەجنۇنتال،
لېكىن، باقساڭ ئەۋرىشىم، بېشى تۆۋەن دائىما.
باق سۇۋادان بەستىگە، سىلىق، تەمكىن، ئۆزگە ھال،
توسسىمۇ ئۇ بولۇتنى قىلماس ھەرگىز تەمەننا.

سۇۋادانغا ئوخشايدۇ ئىلىلىقنىڭ خىسلىتى،
جۈت ـ بورانغا بەرداشلىق، پۈكۈلمەيدۇ ھېچقاچان.
ئۇنىڭ مەغرۇر قامىتى ئىلىلىقنىڭ غۇرۇرى،
ئۆزى كۆيەر تومۇزدا، لېكىن ئەلگە سايىۋەن!

1981 ـ يىل مارت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياشلىق زىنناتى

ۋاقىت ئۆتەر،
خاتىرىلەردە
قالار غۇۋا ـ تۇمانلىق بىر ئىز.
قالار ياكى يورۇق يۇلتۇزدەك،
چېچىپ مەڭگۇ پارلاق نۇرىنى
ئىنسانىيەت كۆكىدە ئېگىز.
ياشلىق ئۆچەر يىللار قوينىدا،
دولقۇندىن يۇيۇلغان قۇمنىڭ ئىزىدەك
بىلدۇرمەستىن تېز.
تاڭلا قۇچىقىڭدا بالا كۆرەرمەن
خۇش چاقچاق، كۇلۇپ تۇرغان،
ئەي، يېقىملىق قىز!
مۇھەببەتچۇ؟
ھە، مۇھەببەت ــ ساپ، گۈزەل تۇيغۇ،
ياشلىق ئۆتەلمەس شۇ مۇھەببەتسىز.
بىراق،
قارىغۇ مۇھەببەتتىن
قانچىلىرى ئەلەمدە كېتەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يۈرىكىنى داغلاپ،
چۈشكۈنلىشىپ، بولۇپ بەختسىز.

ھايات ئۈمىد بىلەن قوشكېزەك،
ئۈمىد گۈللەپ چېچەك ئاتمىسا،
ھايات غەمكىن، قەدىر ـ قىممەتسىز!
ئەي، سەن ياشلىق—
ئۆمۈرنىڭ نازۇك چېچىكى،
شۇنداقسەن بەزىدە،
پەيگە ئوخشاش لەيلەپ ھاۋادا،
يا تۆكۈلۈرسەن گويا غازاڭغا ئوخشاش
مېۋە بەرمەي ۋاقىتسىز...
ئەي سەن بەگۋاش ياشلىق—
سەپەردىكى مېھمان،
بەگۋاشلىق بىلەن
قونالغۇدا قونۇپ ئۆتەرسەن بىر تاڭ،
نە سەندىن قالار بەلگە ـ ئىز.
دۇنيا!
سېنىڭ قىلمىشىڭ پەقەت
ياشلىقنى ئالدىماق، ۋە قارىغۇ قىلماق،
ئۆيگە سىلىپ
بىر بورا، كىگىز...
شۇندىن كېيىن ياشلىقنىڭ ئىشى
سەپسالماق ئىكەن،

ئۆينىڭ قەيىرى پەس،
قەيىرى ئېگىز.
هەي، مانا، شۇكلاشقا جېنىم،
بىر ناخشا ئېيتسام ئىدىم:
ياشلىق زىننىتى—
ئىلىم ـ مەرىپەت،
دوستلۇق، مۇھەببەت دەپ،
ۋارقىراپ ئېگىز!

1981 ـ يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# سايرامدىن ئۆتكەندە

چىققىنىمدا داۋىنىغا تەلكىنىلىڭ،
گۆزەل سايرام، ئاسمان بولۇپ كۆرۈندۈڭ.
خۇددى رەڭدار كېپىنەككە ئوخشاپتۇ
قىرغاقلارنى سۆيۈپ تىنغان بۇژغۇنۇڭ.

كۆككە باقسام، كۆكتە ئەكسىڭ، كۆك گۆزەل،
يەرگە باقسام، ئەجەب رەڭدار يەر ـ زېمىن.
كەڭ يايلاقتا ئېيتقان كەبى كۈي ـ غەزەل،
شۇدىرلايسەن كېچە ـ كۈندۈز بى تىنىم.

شاۋقۇنۇڭغا ھېرىسمەنكەن، سىرداشكەن
بۇندا قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، موڭغۇللۇق.
يېشىل قىرغاق گۈلگە تولغان ئەتلەسكەن،
گۈلدىن تولا يىلقا، كالا، ئاق قويۇڭ.

تۇشمۇ تۇشتىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاقلار،
كېلىدىكەن چاچقۇ چېچىپ قوينۇڭغا.
چاچقۇ ئەمەس، ھەر ئاۋۇلنىڭ مېھرى ئۇ،
تۇرۇپ قالدىم زوقۇم كېلىپ بويۇڭغا.

ماشىنىمىز توختىغاندا ئاۋۇلدا،
قىمىز ئېلىپ كەلدى بىر ياش كېلىنچەك.
مەن سورىدىم:
«بۇ سايرامنىڭ سۈيىمۇ،
تۇگىمىدى قانچە ئىچسەك ئەجەب؟» دەپ.

چاقچاق قىلىپ قىمىز سۇندى كېلىنچەك،
(تەسكەن گەپتە يەڭمەك قازاق قىزىنى)
«ئۆكسۈپ قالسا ئەگەر سايرام، — دېدى ئۇ، —
ئۆكسۈمەيدۇ بىزنىڭ يايلاق قىمىزى.»

*

ماشىنىمىز يۈرۈپ كەتتى سەپەرگە،
قالدى سايرام بىزنى خۇشال ئۇزىتىپ.
خوش كېلىنچەك، قايتارىمدا ئۆتەرمەن
قىمىزغا مول ئاۋۇلۇڭدا بىر قونۇپ.

1981 ـ يىل ئاپرېل

# چۆليوتا[1] خاتىرىلىرى

## توغرىسۇ يايلىقى

ئاستىمدا كۆك چوققىنىڭ ساي ـ سالاسى،
ئۈستۈمدە قولۇم سوزسام تېگەر ئاسمان.
تاغ ـ جىرا يېشىل ھايات — كۆك دۇنياسى،
ئۇچماقتا بۇركۈت لەرزان ئاچال[2] تامان.

تىنچ ۋە گۈزەل ئاۋغۇست سەھەرى بۇ،
يايلاقتا ئاق لەيلىدەك ئاپئاق ئۆيلەر.
قايشانىڭ[3] سۈزۈك سۈيى كۈمۈشمىدۇ،
بورسۇقلار چۆپلەر ئارا يۈگۈرۈپ يۈرەر.

سۆز ئېيتساڭ بۇ تاغلارغا زەپ ئاڭلايدۇ،
ساداسىز قالماس ھەتتا پىچىرلاشمۇ.
چېكى يوق بوشلۇقتا بىر كۈي تارايدۇ،
تەن يايراپ كېلەر بەزەن كۆزگە ياشمۇ:

---

① چۆليوتا — نىلقا ۋە غۇلجا ناھىيىسىگە تەۋە يايلاق.
② ئاچال — توغرىسۇ ئورمانچىلىق مەيدانى.
③ قايشا — توغرىسۇدىكى يايلاق.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاسمان يېشىل، يەر يېشىل،
قارىغاي يېشىل، بەل يېشىل.
بارمىكىن تاڭ يايلاقتەك،
جانغا راھەت يەر ئېسىل.

شارىلداپ ئايغىڭغا تاش ئاتىدۇ
چوققىدىن غايىب بولغان قۇۋ ئارقارلار.
قاراڭغۇ چاتقاللارغا باش ئاتىدۇ
ئۈندەرەپ ـ ئۈركۈپ كەتكەن ياش مارallar.

مىڭ مارال① تۇمان ئىچرە كۆز تارتىدۇ،
سۇرۇلەر ئاچال تامان تۇمان يەنە.
كۆيۈك تېغى② ئۈزرە بۇلۇت ئۇچار ئاستا،
سايىسى كۆك قاپتالنى③ قاپلاپ ئەنە.

چۇلغايدۇ قىمىز ھىدى شامالارنى،
تەگگە ياپراق④ كەڭ يايلاققا سالغان گىلەم.
كۆرمىدىم مەن جەننەتنىڭ رۇخسارىنى،
جەننەتنىڭ ئۆزى مۇشۇ تاغلار بىلسەڭ.

① مىڭ مارال — نىلقا ئورمانچىلىق مەيدانى.
② كۆيۈك تېغى — جىڭ ناھىيىسى بىلەن توغرىسۇ يايلىقىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى تاغ
③ كۆك قاپتال — توغرىسۇدىكى يايلاق.
④ تەگگە ياپراق — يايلاقتا يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بىرخىل ئوت.

ماختساڭ تاغنى ماختا ـ تاغنى ماختا،
دۇنياغا بار ئۇنڭدا ئورتاق سادا.
ھەرگىياھ تاغ روھىدىن نەپەس ئېلىپ،
مىننەتسىز نېمەت بېرەر ئادەمزاتقا!

## تاغ بۇلىقى — ئاشىق كۆز

كۆل رەڭ تاشلار ئاستىدىن سىرغىپ چىققان بۇلاقلار،
ئەرش بىلەن پەرشىنىڭ — مۇھەببەتىنىڭ گۇۋاھى.
سۆيگۈ ئىزدەپ مەنمۇ ھەم ئىزدىدىم تۆتقۇلاقلار،
تەلەي ـ بەختىم كاج ئىكەن، كۆرۈنمەس يار نىگاھى.

نەغمە دېگەن نېمە ئۇ، نەغمىسىنى بۇلاقنىڭ
ئوخشاتمايمەن بۇرادەر ئۆزۈڭ چالغان دۇتارغا.
ئولتۇرغاندا بۇ يەردە تەبىئەتتىن مەست بولۇپ،
كۆكسۇم پەۋەس تولىدۇ گۇپۇلدىگەن ئىپارغا.

شىر ـ شىر قىلىپ نەغمە چېپ خىيالىمنى ئېپكېتەر،
رەڭمۇرەڭ گۈل، تاشلارنىڭ سۆيۈپ سالقىن يۈزىگە.
پىچىرلىشىپ، ئەركىلەپ يۈرىكىمگە گۈل چېكەر،
تاغ تېرىكى، مەجنۇنتال مەستتۇر ئۇنىڭ سۆزىگە.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرخىل تۈياق ئىزلىرى قىزىق سۈرەت بۇ يەردە،
تۈياق دەسسەپ ئەزگەن ئوت كۆتۈرىدۇ ئاستا باش.
قاپتالدىكى سېرىق يول ئەگىم يىلان ئىزىدەك،
سۇ ئالغىلى شۇ يولدىن كېلەر ئەنە قەلەمقاش.

چاڭقاپ كەتكەن قوي ـ ئۆچكە يۇگۈرۈشىدۇ مەرىشىپ،
زۇمرەت بۇلاق سۈيىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئالدىراپ.
جىرەن ئاتتا يانپاشلاپ ئولتۇرىدۇ ياش مالچى،
كۆرۈنىدۇ ماللىرى ئاق بۇلۇتتەك پارقىراپ.

كۆن لەشكىرى پەلەكنىڭ قانلىرىنى ئېقتىپ،
خوشلاشقاندا ئۇپۇقتىن قايتىپ زېمىن تەكتىگە.
تۈننىڭ قارا كىيىملىك سېركچىسى رەڭمۇرەڭ
مونچاقلارنى تاقايدۇ چۇشۇپ بۇلاق كۆكسىگە.

سايە تاشلاپ ئەتراپقا گاھى كېچە ئوغرىسى
پەلەكتىكى قەمەرنى تاشلاپ ئوينار بۇلاققا.
پىچىرلايدۇ سېھىرلىك تىلىدا ئاي شولىسى
كائىناتنىڭ سىرىنى زېمىندىكى قۇلاققا.

بۇلاق زېمىن تەكتىدە يول باسىدۇ ئەسىرلەپ،
ئېلىپ چىقار ئالەمگە ئەڭ مۇقەددەس يېگى كۈي.
شۇڭا ھامان تۇرار ئۇ زېمىننى چىڭ قۇچاقلاپ،
ئاي چۈشكەندە گاھىدا باسار ئۇنى خىيال ـ ئوي...

شېرىن ۋىسال ئىلكىدە نۇرلىنىدۇ ئاي بۇلاق،
ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ پەرىزات.
قاراقچىسى سۇبھىنىڭ ئايرىۋېتەر جۈپلەرنى،
بۇ پىراقتا چىدالماي ئويغىنىدۇ تەبىئەت.

شۇڭا رەڭدار چېچەكلەر، يېشىل چىمەن، ياپراقلار
يۇلتۇزلاردەك يانىدۇ زىننىتى بوپ بۇلاقنىڭ.
ئۇچراشقاندا بۇ يەردە تەشنا ئاشىق ـ مەشۇقلار،
شەربىتىنى تېتىيدۇ پەرىشتە بوپ ئۇچىماقنىڭ.

ئاي شولىسى بۇلاقتا — زېمىن تۇغقان زۇمرەتتە،
مەست قىلىدۇ قۇچاقلاپ يېقىپ نۇرلۇق يۈزىنى.
جامالىنى نىگارنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن بۇلاقمۇ
ئېپ چىققان يەر تەكتىدىن نۇرغا ئاشىق كۆزىنى...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يايلاق سۈرەتلىرى

1

كىگىز ئۆينىڭ بېشىغا
بىر پارچە بۇلۇت قوندى.
خۇددى چاقچاق قىلغاندەك،
مۆلدۈر بولۇپ قۇيۇلدى.
ئەللىك چامدام نېرىدا
قۇياش نۇرى پارقىرار.
ئەللىك چامدام بېرىدا
يامغۇر سۈيى شارقىرار.
چۈشتى يەرگە تاراسلاپ
كۆك ئىلاھى ئوقلىرى.
دالدا ئىزدەپ، شۈمشەرەپ
تۇردى تاغ ئۇلاغلىرى.
يىلان ئىزى ئېرىقلار
پەيدا بولدى بىردەمدە.
كېتىپ بەگۋاش بۇلۇتچاق،
يايلاق بولدى گۈلدەستە.

2

كۆكرىشىندە ① توي بولدى،
قىزىپ كەتتى قىز قۇۋار.
ھەر تاماندىن ئەل كەلدى،
قىزقۇۋارغا ئەل خۇمار.
توغرىسۇ ② ھەم قايناردىن ③
قىر تەكشى، ④ مىڭ باستاۋدىن، ⑤
كەلدى توپ ـ توپ ئاتلىقلار،
يالغۇز قارىغاي، ⑥ قايچىدىن.
قىزىل يۈزلۈك قازاقلار
قىمىز ئىچىپ مەست كەلدى.
ئاتتا قىيپاش ئولتۇرۇپ،
بىر ـ بىرىگە بەس كەلدى.
قىز ـ كېلىنچەك ياسىنىپ،
رەڭدار گۈزەل گۈل بولدى.
ئاق مالخايلىق يىگىتلەر
رەڭدار گۈلگە جور بولدى.
ئوغلاق تارتىپ، كۆز تاشلاپ،

①②③④⑤⑥ توغرىسۇدىكى كىچىك يايلاقلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىگىز ئۆينى ئايلاندى.
مەي ئىچتىممۇ، قىمىزمۇ،
قىمىز تۇتقان شۇ قىزمۇ.
كۆڭۈل ئىتىم ئەپقېچىپ،
بىر سولۇۋغا باغلاندى.

3

تالادا يامغۇر، كېلەر «هايت ـ هۇيت» ئۈنى،
قويلارنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ مەرەشلىرى.
سىقىلىپ غۇژمەكلەشتۇق كىچىك قوشتا،
كىگىز ئاستى چىلىق ـ چىلىق يامغۇر سۈيى.
كونا قوشنى شامال ئارىلاش يامغۇر چېكەر،
يورۇتۇپ تۇرار غۇۋا پانار نۇرى.
پايپېتەك بولار سارقىت[1] قوناق كۆتۈپ،
يارىمنىڭ ئايان ماڭا شېرىن ئويى:
كەتمىسە بۇ يايلاقتىن لەززەت سۈرۈپ،
كىشىلەر نېمە دېسە دېسۇن كۈلۈپ...

---

[1] سارقىت — ساهىبخانا كېلىنچەكنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى

# رەيهان

بولۇكەي غولىدا ئېچىلغان رەيهان،
كۆك چوققا ئاسمىنىنىڭ سۇزۇك يۇلتۇزى.
كىم سېنى ئۆستۈرگەن يايلاقمۇ، ئاسمان؟!
ياق، سېنى ئۆستۈرگەن شۇ سەھرا ئۆزى.

زىلۋا بوي قەددىڭنى تالگۈلى بەرگەن،
مەڭزىڭگە ياراشقان خالىڭ ـ سىيادان.
ئاق قۇسەن ئويناق تاغ سۈيىدە ئۈزگەن،
سۈت بىلەن يۇغارغان سېنى يۇرت ـ ئاناڭ.

ئۇچىسەن تاغ ئېشىپ، يايلاقلار ئارا،
بۇۋرۇل ئات ئۈستىدە قامچىدۇر ناخشاڭ.
ئەجەبكى، دىلىڭغا كىم سالدى يارا؟
غەلىتە بىر سىر بار كۆزۈڭگە باقسام.

پىچىرلاپ يېنىڭدا دوستۇڭ سورايدۇ:
«بۇ ئادەم بىلمەمدۇ ئاتاڭ ‹تويى› ① نى؟!...»
بىلمەن، ۋاپاسىز شەھەرلىك جانان
بۇزماقچى بوپتىمىش ئىناق ئۆيىنى...

---

① بۇ غەلىتە «توي» 1981 ـ يىل 2 ـ ئاۋغۇستتا مۇشۇ يايلاقتا بولغانىدى.

قارىيپ كۆرۈنەر يېشىل قاپتاللار،
بەھۇزۇر ئۇخلايتتى يىراقتا ئاچال.
ئاق كىگىز ـ تۆشەكتە دومىلايدۇ «قىز»
ۋە قوشنا قاچا يۇيار «توقال» بوپ خۇشال.

ئىچۈككى تەگرىنىڭ بېشارىتىمۇ،
نالە قىپ يىغلايتتى توختىماي ئاسمان.
ئاسمانىنىڭ يېشىمۇ، قىزلار يېشىمۇ،
ئەبەدىي سىر بولۇپ قالدى ئۇ پىنھان...

بارمىدۇ شۇ يايلاق ماڭا ھوش بەرگەن،
تاشقورا يېنىدىكى كونا ئاق چېدىر؟
كىمدۇ ئۇ ئۇيقۇلۇق چېدىرنى تەپكەن،
يىلقىچى ئورازقان، بىلال، يا سادىر؟!...

يادىڭدا بارمۇ ـ ھە، شۇ رەزىل ئاخشام،
يېگەنتى «يىگىت» تۆش، بىز يېگەن دەرد ـ غەم.
غەزەپتىن بۇركۈتتەك ئۇچقاندا قامچام،
رەقىبنىڭ يۈزىدىن ئۇچقاندى رەڭ...
مەڭگۈلۈك ھەمراھ ئۇ كەشمىشلەر، ئەركەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يېڭى يىلدا تاشلىدىم سېنى

يېڭى يىلدا تاشلىدىم سېنى
شوخ ياشلىقىم ـ بەگۋاش ياشلىقىم.
چوڭقۇر ئويغا سېپ قويدى مېنى
شورا ئاتلاپ قاچقان شاشلىقىڭ...
كۆز ئاخشىمى ئۇچقان ئاق قۇدەك،
كۆرۈندۈڭسەن كۆزۈمگە غۇۋا.
خېمىرتۇرۇچ ئەمەس ناۋايغا
تونۇرنىڭ تەپتى ئەتىۋا.
ئەتىۋارسىز بىلدىڭ شائىرنى،
قايغۇرمىغىن ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ.
نېمە مەنە بەردىڭ ھاياتقا؟
قالدى پەقەت چېكەمدە قورۇق.
بىلگىنىڭ شۇ، كۆڭۈلنى ئالداپ،
ھەر سەنەمگە مېنى باشلىدىڭ.
تال تۇۋىدە، ئايدىڭ كېچىدە
چۆلىيوتىدا قالدىڭ ياشلىقىم...
ئاچچىق ھەسرەت يۇتىدۇ شۇنداق،
گۈزەل ياشلىق قەدرىن بىلمىگەن.

ۋاقت كىگىز ئەمەس يەردىكى،
دومىلىسام تۇرىدۇ دېگەن.
قالدى ياشلىق يايلاق كۆكىدە،
يۇلتۇز ئەمەس، لەيلىگەن بۇلۇت.
مەن كۈيلەيمەن ئەمدى يېڭىنى،
شائىر، كونا ئەلەمنى ئۇنۇت.

1981 ـ ، 1991 ـ يىللار ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كەلمىسە پار قەلب سۆيگىنى...

جۇپتى بىلەن كېلەر ئىدى بىر گۈزەل،
كۆرۈشتۇق بىز، ئىكەن كونا تونۇشۇم.
ئۈستۈبېشى شۇنچە ئېسىل ياقۇت، زەر،
تارتىنىپراق ئۇندىن ئەھۋال سورىدىم:

«مەن خۇشالمەن، دوستۇم، ياخشى تۇرۇپسىز،
ئون يىل بۇرۇن كۆرگىنىمدەك گۈزەل، ياش.»
«رەھمەت، شۇنداق ھېس قىلىسىز ئەلۋەتتە، —
دېدى، — بىراق ئۈستۈم پۈتۈن، قەلبىم ئاچ...»

كەتتى دوستۇم جۇپتى بىلەن، ئارقىدىن
قاراپ قالدىم ئويلاپ سىرلىق گېپىنى.
تېنى ھۇزۇر تاپماس ئىكەن لىباستىن،
كەلمىسە پار ئاڭا قەلب سۆيگىنى...

1981 ـ يىل 31 ـ يانۋار

# ياشلىقىمنى ئىزلىسەك ئەگەر...

تەبىئەتكە كۆشەندە تەپەككۇرى ئىنسانىنىڭ،
تۈننى ئەقىل زىياسى ئايلاندۇردى كۈندۈزگە.
ئاشۇ نۇرنى ئىنسانغا بەخش ئەتكەن ئۇ زاتنىڭ
ياشلىقىنى ئوخشاتقۇم كېلەر شۇ نۇر ئۆزىگە.

ئاھ، سەن مېنىڭ ياشلىقىم، ئاشۇ نۇردەك ھېكمەتلىك
بولساڭ ئىدىڭ، ئەي ئەمدى پۇشايماندىن يوق نىجات.
مېنىڭ ئاددىي ياشلىقىم ئەمەس سىرلىق ـ خىسلەتلىك،
ياشلىق بەرگەن ئانامغا بەردىم مەنمۇ ئۇنى شات.

ئۇرۇق ئىدىم تۇگۈلگەن، غۇنچە بولدۇم، گۈل بولدۇم،
گۈل تۇتىدۇ نۆۋەتنى ـ مەۋسۇمىدە مېۋە ـ دان.
تەپەككۇردىن پەي ـ قانات پۈتكەن چېغى ۋۇجۇدۇم،
ئۇچۇپ كەلدى ئالدىمغا شوخ ياشلىقىم نەۋقىران.

ئۆتمىدى ئۇ راھەتتە، پاراغەتتە، سۆلەتتە،
ۋە بولمىدى دائىما توق ھاياتقا مۇيەسسەر.
بولدى چىدام ئوزۇقى ئېغىر كۈنلەر ـ كۈلپەتتە،
خۇشامەتتىن، تەمەدىن يوق ئۇنىڭدا نام ـ ئەسەر.

www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئۆزى مۆجىزە، ھەر شەيئىنىڭ ھېكمىتى
مەپتۇن ئەيلەپ ياشلىقنى شەيدا قىلار ئۆزىگە.
ياشلىقىمنىڭ زىننىتى — ھاياتىمنىڭ قىممىتى،
بىلدىم ئاشىق مەجنۇننىڭ لەيلى كۆرگەن كۆزىدە.

شۇڭا، دىلبەر، ئىزلىسەڭ كىتابلاردىن ھېكمەتنى،
ياشلىقىمنى كۆرىسەن، ھەر بېتىگە كۆمۈلگەن.
دۆۋەت، شىرە، شام نۇرى، ئاھ، ياشلىقنى ئۇزاتتى،
پەنگە مۇشتاق ياشلىقىم پەن سۆيگە چۆمۈلگەن.

تاسادىپىي ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسام مەكتەپنىڭ،
ئوقۇتقۇچى ياشلىقىم مېنى كۈلۈپ چاقىرار.
سىڭىپ كەتتى ئىلىمدەك قەلبىگە ئۇ ئەۋلادنىڭ،
ھەر قەلبتە يالقۇنلاپ قۇياش كەبى پارقىرار.

يەر كۆكسىنى تىلىك يېرىپ ئۈنگەن يۇمران مايسىنىڭ
كۆرگىنىمدە دېنىنى سۆيۈندۇ جان ـ تېنىم.
ئاشۇ دانىغا تۇغۇلدى مېنىڭ دېھقان ياشلىقىم،
ئەلۋەك بولسۇن دەپ ئەلگە داستىخىنىم، ئاش ـ نېنىم.

ئەي يولۇچى، تومۇزدا سالقىن سېزىپ ئۆتكەندە،
سۇۋادانىغا باقتىڭمۇ سالقىن سايە تاشلىغان؟
ئاشۇ مېنىڭ ياشلىقىم، كۆچەت ئىدىم تىككەندە،
ئەلگە سايە تاشلىدىم، راھەتلەندى تەنۇ جان.

ئەي سۆيۈملۈك دىلبىرىم، يەنە مەندىن سورايسەن،
سەزمىدىڭمۇ ياشلىقىم مۇھەببەتلىك كۆلكەڭدە.
ئۇماق پەرزەنت ۋە ئانا، چىمەندە گۈل پۈرايسەن،
ياشلىقىمنى تېگىشتىم شۇ غۇنچىزار گۈلشەنگە.

ئاھ، ياشلىقىم ـ باھارىم، گۈل پەسلىمنى ئۆزاتتىم،
گۈزەل سۆيگۈ كېچىسى يۇلتۇزلارغا سىرداشقان.
ئاشۇ ئوتلۇق سۆيگۈدىن ئۆز چامىچە گۈل چاچتىم،
ئەمما، ئىنسان قەلبىدە قالار ئىكەن بىر ئارمان...

يىللار ئېلىپ كەتسىمۇ ياشلىق تاجۇ تەختىمنى،
يىللار ـ تۇزان، ياشلىقىم ـ ئالتۇن، ئۆچمەس، پارقىرار.
ئۆچۈرەلمەس ۋاقىتمۇ يۈرەكتىكى يالقۇننى،
ئاشۇ يالقۇن ۋاقىتنى مەڭگۈ جەڭگە چاقىرار.

ياشلىقىمنى ئىزلىسەڭ مۇھەببەتلىك ئەۋلادىم،
تاپالمايسەن ئۇنى سەن باغلىرىدىن ئىلىنىڭ.
ياق، مەن پۈشكىن ئەمەسمەن، يوقتۇر بۈيۈك ھەيكىلىم،
تاپالايسەن شائىرنى سۆيگەنلەرنىڭ دىلىدىن!

1981 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەن ــ شېئىرمەن

مەن ــ شېئىرمەن، ناخشىمەن،
مېنى ئاددىي كۆرمەڭ سىز.
مەن پاشايمەن، ئۆلمەيمەن
شېئىرىمنى سۆيسىڭىز.

شېئىر دېگەن تەپەككۇر
دۇردانىسى، جەۋھىرى.
شېئىر دېگەن شائىرنىڭ
جان رىشتىسى، گۆھىرى.

گۆھەر دېسەڭ گۆھەرمەن،
جەۋھەر دېسەڭ جەۋھەرمەن.
ياخشىلارغا ھەسەلدەك،
يامانلارغا زەھەرمەن.

مەن شېئىرنى يازمايمەن
شۆھرەت ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن.
مەن شېئىرنى يازىمەن
ئەۋلاد ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن.

پەزىلىتى ئىنسانىنىڭ
ئۆلچىنىدۇ نېمىدە؟
پەزىلىتى ئىنسانىنىڭ
ئەلنى سۆيگەن قەلبىدە.

ئەل غېمىدە يانىمەن
تاڭغا ئۇلاپ كېچىنى.
شېئىر بولۇپ ئاقىمەن
مەيلى تىللا، سۆي مېنى.

شېئىرىمنى ئەل سۆيسە،
مېنى سۆيگەن ئەمەسمۇ.
ھەر مىسراغا يۇرىكىم
قېنى سىڭگەن ئەمەسمۇ.

*

مەن — شېئىرمەن، ناخشىمەن،
مېنى ئاددىي كۆرمەڭ سىز.
مەن ھاياتمەن، ئۆلمەيمەن
شېئىرىمنى سۆيسىڭىز.

1982 ـ يىل 17 ـ ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يېزا كۈيلىرى

## بىر يېزا قىزىغا

كادىر بولۇپ كەلگىنىمدە يېزاڭغا،
بىللە قوناق ئۈزگەن كىچىك بالىدىڭ.
بۈگۈن كەلسەم بوۋىقىڭنى پەپىلەپ،
مەندىن كۆزۈڭ ئېلىپ يەرگە قارىدىڭ.

تارتىنمىغىن، قانۇنى بۇ تۇرمۇشنىڭ،
سۈ كېلىدۇ ئۆركەشلىنىپ ئىز بېسىپ.
يارىشىپتۇ ئوماق بوۋاق، ئەتلىسىڭ،
بەختلىكسەن، بوپتۇ ئىشچان جۈپ نېسىپ...

## چوقۇر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە

ئۆتكىنىمدە كۆۋرۈكىدىن چوقۇرنىڭ،①
كۆلۈمسىرەپ سەن يادىمغا كېپ قالدىڭ.
يۈرگەن ئىدۇق تاللىقلاردا ئوينىشىپ،
تاۋۇزىغا چاقماق سىلىپ چاپچالنىڭ.

① چوقۇر — ئىلى دەرياسىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىكى تارمىقى.

كېتىپ قالدىم، قالدىڭ مۇندا مۇڭلىنىپ،
بۇگۈن كەلسەم يۇگۈرۈپ چىقتىڭ كەپىدىن.
نېمە سىر بار بۇ چوقۇرنىڭ سۆيىدە؟
زىيالىي① بوپ مەڭگۈ قاپسەن ئاپپىقىم.

1986 ـ يىل

## كايىش

ئەل ئېتىزدىن يېنىپتۇ،
سەن يانمىدىڭ نېمىشكە؟
قاراپ كۆزۈم تۆت بولدى
جامالىڭنى كۆرۈشكە.
ئىزدەپ بارسام ئېتىزغا،
ئاي كۆرۈندۇڭ ئايدىڭدا.
نېمە گېپىڭ بار ئىدى
كومباينچى يىگىتكە؟
كابىنكىدىن بېشىنى
يىگىت ئېگىپتۇ پەسكە.
كۆزۈم قانداق چىدىسۇن

① زىيالىي — يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ھالەتنى كۆرۈشكە.
كۆردۈم، شۇ چاغ يىگىتكە
سۇندۇڭ گۈزەل گۈلدەستە.
قاراپ سىرىق سۇ كەلدى،
قول يەتمىگەن يىمىشكە...
تېخنىك يىگىت، ئىشچان قىز —
جىلۋە ئالتۇنغا ياقۇت كۆز.
لايىق ئىكەن، ئۆرگىلەي،
بىر - بىرىنى سۆيۈشكە.
ئۆز - ئۆزۈمگە كايىدىم،
ماڭا نىمە بار، دېدىم.
ئەل سۆيگۈدەك تۆھپەم يوق،
خىجىل بولدۇم كۈتۈشكە!

1978 - يىل فېۋرال



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# كەلدى

(خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىگە)

ئەزىز خوتەن — يۇرۇڭقاشتىن باھار پەيزى سابا كەلدى،
سابانىڭ خۇش ھىدى بىرلە ئەجەب شېرىن ناۋا كەلدى.

بۇگۈن شەھرى ئىلى مەستخۇش ئۇنىڭ شېرىن شارابىدىن،
قەدىرلىك مىللىي سەنئەت دەپ شارابىدىن سادا كەلدى.

پايانداز ئەيلىدىم كەل دەپ يولىغا كۆز گۆھەرىمنى،
قەدىم يىپەك سارايىدىن بويى گۈل دىلرەبا كەلدى.

قولۇم كۆكسۇمدە خۇش كەپسىز، دېدىم، تۇتتۇم شاراب گۈلدەك،
ئىچىپ لېۋى شېكەر تۆكتى، كۆزى ئوتلۇق خۇمار كەلدى.

نىگار، مۇنچىمۇ شوخ دىلبەر، نازاكەتلىك بولارسەنمۇ،
ئۆزۈمنى بىلمىدىم، ھەر كۈن ئاشىق جانغا جاپا كەلدى.

ئۇنىڭ ئوت ـ تەپتىدە جىسمىم سىمابتەك ئېرىدى شۇ دەم،
سۆيەر ئەردىم ئۇچۇپ بارىپ خالايىقتىن ئىزا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

سورادىم ئاخىرى: «يۇرتۇڭ تۇغامدۇ قىز ئەمەس، بۇلۇل؟»
كۈلۈپ ئەيتتىكى: «بۇ ئامەت مۇھەببەتتىن ماڭا كەلدى.»

يەنە كۆر، دەپ تۇمەن نازلە بىلىنى ئەۋرىشىم ئەيلەپ،
يېڭى قاش تاشىغا چەكتى گۈلى رەققاس ساما، كەلدى.

مېڭىپ لەرزان قىيا باقسا ئۇرۇپ ھېسسىيات ئاقار تەندىن،
قۇيۇندەك پىرقىراپ ئەردى ئېتەكىدىن سابا كەلدى.

ئېتىپ زۇلپى چېچىن ھەريان، خالايىقنى قىلىپ ۋەيران،
بىلەكىدە ئېشىپ زەنجىر بوينۇمغا سالار كەلدى.

شۇئان دوستلار، بىھوش بولدۇم دېسەم، ھەركىم ئەيىب ئەتمەس،
تامامۇ مەھلىيالاردىن ئاڭا ھەمدۇ سانا كەلدى.

لەپەر ئېيتتى: ياڭاقزاردا تۆكەيلى سىردىشىپ تەر دەپ،
جاۋابىدىن بولۇپ مەمنۇن دېدى مەقسەت ئادا، كەلدى.

قەدىرلەپ ئۇل نىگارىمنى ئېلى باغىدا ئەسلەيمەن،
كېتەر چاغى دېدى: ھەر ئان تېپەر كۆڭلۇم ساڭا، كەلدى.

قاچانكى بەختىيار بىر كۈن يەنە كۆرمەك نېسىپ بولغاي،
سەۋەبكى، ئۇل سەنەمىدىن ماڭا ھەر چاغ ۋاپا كەلدى.

ئايا، ساقىي شاراب تۇت، يار لېۋى تەگكەن قەدەھ بىرلەن،
لېۋىمگە لېۋىنى ياقسام شېرىن دەملەر يانا كەلدى!

1982 ـ يىل

# يۇرت قەسىدىسى

ماختىمايمەن شائىرلار كەبى
مېنىڭ يۇرتۇم ئالتۇن دىيار، دەپ،
دالالىرى ئېپار پۇرايدۇ،
تاشلىرىدىن چاقنار زىيا، دەپ.

يوشۇرمايمەن چىن سىياقىنى
يالتىرلىغان سۆزلەردە بېزەپ.
كوچىلاردىن ئۆتەر ئادەملەر
تۇرمۇش، ھايات غېمىنى كۆزلەپ.

ئۆزلىرىمۇ سەزمەيدۇ، لېكىن
قەلبى يۇرتقا تۇتاشلىقىنى.
بېغىشلايدۇ ئۆز ئانىسىدەك
قايغۇسىنى، خۇشاللىقىنى.

نېمە بىلەن ئۆزگە شۇنچە
تارتىدۇ ئۇ بىلمەيمەن پەقەت.
بىردەقىقە ئايرىلسام ئۇندىن،
ھىجراندىن تارتىمەن كۈلپەت.

تۇپرىقىمۇ ئاددىي قوڭغۇررەڭ،
ھەمدە سېغىز، ئەمەس تۇتىيا.
باشقا ئەلنىڭ دەريالىرىدەك
تاغ بېشىدىن باشلىنار دەريا.

كوچىلىرى بەزىدە پاتقاق،
ۋە بەزىدە كۆمۈلەر قارغا.
تۇرخۇنىدىن ئاددىي ئۆيلەرنىڭ
ئاق تۇتۇنلەر كۆتۈرۈلەر ئاستا.

سەھەرلىرى تۇتاش ئېدىرغا،
ئېدىرلىرى تۇتىشار قارغا.
قەيەردىندۇر خوراز چىللايدۇ،
بۇك ـ باراقسان يېزىلار ئارا.

شاۋۇلدايدۇ يېشىل ئورمىنى،
شاختىن ـ شاخقا سەكرەيدۇ تىيىن.
ئويغىنىدۇ جىرادا بۇلاق
قىز ـ يىگىتنىڭ پىچىرلىشىدىن.

يالغۇز ئاياغ يولدىن ئۆرلەيسەن،
قۇشلار سايرار، سايدا تېز ئېقىن.
باشقا يۇرتنىڭ ئورمىنىدا ھەم
باردۇر قۇشلار، باردۇر ئاق قېيىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

نېسىپ ئەتتى ماڭا بىر زامان،
يات يۇرتلاردا شەھەرلەر كەزدىم.
كۆردۈم ئۇندا رەڭدار بىنالار،
يوللىرىنى ئەينەكتەك سەزدىم.

باغلىرىدا رەڭمۇرەڭ چېچەك،
بۇلبۇللارمۇ سايراركەن ئوخشاش.
مېۋىلىرى ھەسەلدىن شېرىن،
ئوخشاش ئىكەن يۇلتۇز، ئاي، قۇياش!

تاغ ـ دالاسىن كەزدىم، راست ئېيتسام،
بىزنىڭكىدىن گۈزەل ئۇ يەرلەر.
نەسلى ئېسىل مال پادىلىرى،
ۋە چوپانلار يازغان ئەسەرلەر.

ئېتىزلىرى ماشىنا ئىكەن،
ھوسۇلىمۇ بىزدىن زىيادە.
قىزلىرىمۇ يېقىملىق، گۈزەل،
يۇرمەس ئىكەن ھەتتا پىيادە.

تىللىرىنى چۈشەنمىسەڭمۇ،
كۆز چاقىدۇ ئۇ يەردە ئالتۇن.
ئالتۇن بىلەن ياشلىقنى بەزلەپ،
ئالتۇن گۆردە يېتىشىك مۇمكىن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مېنىڭ قۇببەم — ئانا يۇرتۇمدا،
ئۇ يەردىكىدەك ئەيش – ئىشرەت يوق.
ھەر كىم قاتتىق ئەمگىكى بىلەن
نېسىۋىسىنى ئالىدۇ تولۇق.

ئەي يولۇچى، نېچۈن قالمىدىڭ
ئاشۇ يۇرتتا بەخت قۇچاقلاپ؟!
قانداق كۆچ ئۇ سېنى يۇرتۇڭغا،
ئېلىپ كەلدى قەلبىڭنى باغلاپ؟!

نېمە دەيمەن سىلەرگە دوستلار،
قانداق سۆزلەپ بېرەي مەن بۇنى.
تېگىشمىدىم ئالتۇن – راھەتكە
ئۆز يۇرتۇمنىڭ غەم – غۇسسىسىنى...

بۇندا ئەركىن پەرۋاز قىلىمەن،
ۋادىلارغا ناخشام ھەمنەپەس.
گەر خالىسام بوۋام ئاغزىدىن
ئەجدادلارنى تىڭشايمەن بىر پەس.

قوشنام بىلەن قاپتال ياقىلاپ
ئات باقىمەن بىللە سىردىشىپ.
كەچ قالغاندا قونۇپ قالىمەن
ئۇدۇل كەلگەن ئىشىكنى قېقىپ.

شۇاقلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ،
ساي ـ بەللەردىن دۆڭگە چاپىمەن.
دەريا كەبى شاۋقۇنلاپ ئويناپ،
ئېتىزلارغا سۇ بوپ ئاقىمەن.

مۇزىكىدەك يېقىملىق ماڭا
قۇشلار ئېيتقان ئاددىي ناخشىمۇ.
مۇھەببەتتىن سۆزلەر ھېكايە
بۇلاقلارنىڭ شىلدىرلىشىمۇ.

مۇھەببەت ۋە ئەركىمگە پاناھ
ئۆز يۇرتۇم بۇ، ئۆز روزغارىم.
ماختىنىمەن شۇڭا يۇرت بىلەن،
نەگە بارسام ئۆز، تۇغقان ـ يارىم!

ماختىمايمەن شائىرلار كەبى
مېنىڭ يۇرتۇم ئالتۇن ديار، دەپ.
ئالتۇن كۆردۇم، لېكىن ئالەمدە
يۇرت كۆرمىدىم ئانا يۇرتۇمدەك!

1982 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەن ئەتىنىڭ ئانىسى

هەر شەنبىدە گىرە سىپ قۇچاقلايسەن يارىڭنى،
پىچىرلايسەن،
قەلبىڭدە گۈزەل، شېرىن ئارزۇلار.
ئېھ، مۇھەببەت ئەركىسى، سەن ئەتىنىڭ ئانىسى،
پاك سۆيگۈڭدىن قالدۇ شېرىن دەملەر، شاد ئىزلار.

گۈزەللىكى سۆيگۈنىڭ ساداقەتلىك قەلبتە،
مۇھەببەتلىك ئائىلەڭ دۇنيانىڭ گۈل باغچىسى.
يوقالمىسۇن تا مەڭگۇ ئاشۇ شېرىن سۆزلىرىڭ،
بولغاندىمۇ سەن يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئانىسى.

1984 ـ يىل

# «بۇ يەردە سۆيگىنىم ياتار»

قولىدا ئىسكىرىپكا، مۇڭلۇق ئاۋازى،
كۆزىدە تاڭ سەھەر جىلۋىسى ئايان.
تەپەككۇر يەلكىنى ئۈزەر يىراققا،
قەلبىنى سادالار قىلىدۇ بايان.

قەيەردە، كىم ئىجاد قىلغان ناخشا بۇ؟
ئاقىدۇ شىلدىرلاپ تاغ بۇلاقلىرى.
تىڭشايدۇ تاغ ـ بەللەر ئۈنى زوق بىلەن،
خىيالغا چۆكىدۇ گۈل ياپراقلىرى.

شۇ تەڭگە ياپراقلار، مۇنبەت تۇپراقلار
قوينىدا ساقلانمىش ھايات سىرلىرى.
ئاقىدۇ ياپراقلار تومۇرلىرىدا
شۇ كۈيىنىڭ جۇشقۇنلۇق سەزگۈ ـ ھېسلىرى.

دولقۇنلار ئۆرلەيدۇ تىك قىيالارغا،
گاھ ئۇقتەك ئېتىلار ئۇۋىغا لاچىن.
غىل ـ پاللا كۆرۈنەر ھىيلىگەر تۈلكە،
قاچماقتا چۆپى مول تونۇش قاپتالدىن.

دۆپۆلدەر جىرادا ئات تۇياقلىرى،
سۇغۇر قېچىپ كىرەر ئىنىگە چاپسان.
كۆرۈندى ئەنە چوققا، كەڭ كەتكەن يايلاق،
ئاھ، كىمنى كۆردۈممەن، گۈزەل بىر جانان!

چىمەنزار ۋادىنىڭ ئۈستىدە بىر قىز،
قولىدا ئىسكىرىپكا، ياڭرايدۇ كۈيى.
خىيالچان كۆزلىرى باققان ئۇزاققا،
نېمىدۇر خىيالى، نېمىدۇر ئويى؟

بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ تىڭشاپ كېلىمەن،
ئايىغىم ئاستىدا پىچىرلار ياپراق.
ۋاپاسىز سۆيگىنىمنى ئەسكە ئالىمەن،
مۇھەببەت يېشىنى سىڭدۈرگەن تۇپراق.

سورىدىم ئۇنىڭدىن: «ئېھ، تاغ گۈزىلى،
ئىشقىڭنى خارلىدىمۇ ۋاپاسىز بىر يار؟!»
«ياق، — دېدى، — بۇ ناخشا ھىجران پىغانى،
بۇ يەردە قەدىردان سۆيگىنىم ياتار!»

1985 ـ يىل ئىيۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاق دالا

ئىككى يېنىم ئاق دالا،
ئاپئاق دالا، ئاي دالا.
ئاي دالادا بارىمەن،
خىيالىمدا بىر بالا.

خىيالىمدا بىر بالا،
ئالتۇن بالا، ئاي بالا .
ئاي بالىنىڭ دەردىدە
يۈرگەن يېرىم ئاي دالا.

ھەر شەنبىدە يولدا مەن،
خىيالدىمەن، ئويدا مەن.
يار كۆڭلىنى تاپساڭچۇ،
ماڭا سىرداش ئاي دالا.

1985 ـ يىل يانۋار

# شائىر قەلبى

ئارزۇلىغان بىر گۈزەل مېنى،
ئارزۇلىمدى شائىركەن بۇ دەپ.
يوشۇرمايمەن شائىرلىقىمنى،
مۇھەببەت يا كەلگەندە غەزەپ.

شائىرلىقنى چۈشەنمەس قەلبىڭ،
ھېس قىلغانسەن كىمگە ئوخشىتىپ؟
نەزىرىڭدە شائىر دېگەنلەر
يۈرەمدىكەن دائىم ئۇششىتىپ...

تۈن نىسپىدە شېرىن ئۇيقۇدا
ياتقىنىڭدا كىمنىدۇ ئويلاپ،
شائىر يېنىپ ئەل ـ يۇرت ئىشقىدا،
جان قىينايدۇ مىسرا قوچاقلاپ.

سەن سۆيمىسەڭ مەيلى،
مۇھەببەت ـ
ئىشقىڭ ئۆزگە بولسۇن تىلتۇمار.
شائىر سۆيگەن مىليونلار سۆيەت،
ئىشقىڭ ھامان كۆڭۈلدە تەكرار...

1986 ـ يىل 18 ـ ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېدىئى ئادرېسى

# سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان يەر

تانسىغا

تانسىغا،

تارتىسەن مېنى،

ئېسىڭدىن چىقتىمۇ قولتۇق تايىقىم،

ئۇرۇشتا يوقالغان مېنىڭ ئايىغىم!...

— مۇھەممەت كامال (مىسىر)

بىر سابىق كاپىتان غۇلجىغا كېلىپ،

مېنىڭ بىلەن بىللە شەھەر ئايلىنىپ،

تۇرۇپ قالدى ئۇ،

«ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» ① ئالدىغا كېلىپ.

خۇددى

ياردار جەڭچىدەك،

ئاسقاقلاپ مېڭىپ،

پوستتا تۇردى ئۇ،

نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ...

① ئىلى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىدارىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەن ھەيرانمەن:
«ئېيتىڭا كاپىتان، بۇ نېمە قىلىق؟»
ئۇ جىمجىت
تۇراتتى پوستتا دەرۋازا ئالدىدا.
گويا شۇ تاپتا،
ئۇنىڭ ئاقساق پۇتىمۇ،
ئۆزىمۇ،
كۆزىمۇ
جەڭدە ـ ئۇرۇشتا...
بىر پەستىن كېيىن،
خۇمارى چىققاندەك،
سۆزلەپ بەردى ئۇ،
ئولتۇرۇپ ئېرىق بويىدا ـ قاشتا،
«ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىپ:
«بىلەمسىز ئۇكام،
مەن ئەسكەر چېغىم،
بېشىمدا ئىسپانكا، بەلدە رىمنىم،
(ئۆزۈممۇ كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدىم)
ئۇ چاغلار،
دەل مانا مەشەددە،
غۇرۇرۇم بىلەن پوستتا تۇرغانتىم...
بۇ
بىزنىڭ باش شتاب ئىدى،

بىز شەھەرگە يېڭى ھۇجۇم باشلىغان،
كوچىلاردا مېڭىش تەس ئىدى.
دۈشمەنلەر پىتىراپ،
ئىزلەتتى بىزنى،
ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈشكەن ئىدى.
بىز بۇ يەرنى قوغدايتتۇق مەھكەم،
جېنىمىز بىلەن،
قېنىمىز بىلەن!
بۇ يەردە
بىزنىڭ رەھبەرلەر
تالاي كېچىلەر كىرپىك قاقمىغان،
ئىنقىلابقا تۈزەيتتى پىلان —
ئىستراتېگىيە،
ھۇجۇم ۋە نىشان...
بىز بۇ يەرنى قوغدايتتۇق مەھكەم،
جېنىمىز بىلەن،
قېنىمىز بىلەن!
كېيىن،
مەن كەتتىم ئۇزاققا،
قىلىچ شىلتىپ،
ئارغىماقتا يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ،
نەيزە بولۇپ جۇڭغاردا بالقىپ،
كەتتىم

شخو ـ يەنسخەي تامان...
هەي،
ئۇ ملتنقلىق يىللار
ئۆتۈپ كەتتى ئەمدى،
ئۆتۈپ كەتتى،
كەتتى مىنىڭ ئەسكەرلىك چېغىم ـــ
قىران ياشلىقىم،
يوق ئەمدى ئارغىماق ئېتىم،
ملتىق، قىلىچىم!
ئەنە،
خەلق باغچىسىدا ياتىدۇ
ماڭا كوماندا بەرگەن،
جەڭگە ئۆگەتكەن،
بىللە ئىشلىگەن مەرھۇم باشلىقىم.
هەي،
ئۇ يىللارنىڭ ئىزى قالدى پەقەت
ماڭلاي قورۇقلىرىمدا،
ئاقساق پۇتۇمدا،
‹سىمرنو›① غا كەلمەيدۇ ئەمدى،
ئاقساق پۇتۇمۇ،
بېلىممۇ،
لېكىن هۆرمەتلىكمەن يۇرتۇمدا.

① سىمرنو (روسچە) ـــ رەتكە تىزىلىش.

بىلەمسىز ئۇكام،
ئۇ يىللاردا ئوق بولغان ئىدۇق
دۈشمەن كۆرۈنگەن يەرلەردە.
ئۇ يىللاردا شوخ بولغان ئىدۇق.
دۈشمەننى قوغلاپ،
ئۇررا توۋلاپ،
ئۇ كۆكتۆللۈك سەپەرلەردە...
بىز پىخوت① ئىدۇق،
بىز ئاتلىق ئەسكەر ئىدۇق،
«يىقىلماس» لارنى
مانا بىز يىقىتقان ئىدۇق...
ئالتاي تاغلىرىدىن،
جۇڭغار دالىلىرىدىن
بوراندەك ئۇچۇپ ئۆتكەن بىز ئىدۇق.
دالىدا گۈلخان يېقىپ،
كونسېرۋاغا پىچاق سېلىپ،
سۇخار غاجىلاپ،
سادىر قوشاقلىرىنى توۋلىغان ئىدۇق.
بىز ئوق ئىدۇق،
بىز ئوت ئىدۇق.
ھەي،
كەتتى ئۇ يىللار، يىللار!

---

① پىخوت (روسچە) — پىيادە قىسىم.

ئىز بىسىپ
باللار پوستتا تۇرىدۇ ئەمدى.
بىراق،
ئۇلار بىلمەيدۇ
بۇ قانداق يەر؟
بۇ قانداق يەر؟!
ئاھ، قەدىردان،
مەن پوستتا تۇرغان يەر.
ئۇلار بىلمەيدۇ
بۇ يەردە قانلار تۆكۈلگىنىنى،
ئوق تەگكەن كۆكرىكىنى بىسىپ،
دوستۇم رەھمەتنىڭ
يىرىدىكى يالغۇز ئانىسىنى چاقىرىپ ـ يادلاپ،
ئاداققى سۆزىنى سۆزلىگىنىنى...
ئۇلار بىلمەيدۇ،
بىز لەڭشاڭنى ئالغاندا،
‹قارا باغ›[1] قا ھۇجۇم قىلغاندا،
چوماق تۇتقان بوۋايلارنىڭ،
دۇئا قىلىپ تۇرغان مومايلارنىڭ،
ئاتاكىغا ئاتلانغان يىگىتلەرنىڭ،
سانىتاركا قىز ـ جۇۋانلارنىڭ

---

① ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەسكەرلەر ھەيرانباغنى «قارا باغ» دەپ ئاتايتتى، چۈنكى ئۇ يەردە دۈشمەن شتابى بار ئىدى.

قانداق جەك قىلغىنىنى،
قانداق ئۆلگىنىنى،
قانداق كۈلگىنىنى...
بۇ كۈلكە
نەچچە مىڭ يىل يۈرەكتە ساقلانغان،
لەنەت ـ نەپرەت بىلەن داغلانغان...
شۇ كۈلكە ئۈچۈن
بەرگەن ئىدۇق بىز ياشلىقنى،
قىز ئورنىغا مىلتىقنى چىڭ قۇچاقلاپ،
بەرگەن ئىدۇق
مۇھەببەتنى ـ شوخلۇقنى.
ھەي ئەمدى،
كەتتى ئۇ يىللار،
كەتتى ئۇ يىللار!
‹تانىسغا،

تانىسغا

تارتمىغىن مېنى،
ئېسىڭدىن چىقتىمۇ قولتۇق تايىقىم،
ئۇرۇشتا يوقالغان مېنىڭ ئايىغىم...›››

«ئاھ سابىق كاپىتان،
ئاقساق كاپىتان،
ئىچەيلى كېلىڭ،
‹ئىلى ئالىي سورتى› دىن،
بىر پەسكە ئۇنتايلى ئۇلارنى تامام.»

«ھەي، ئۇنتۇشقا بولامدۇ ئۇلارنى ئۇكام،
ئىچكەنسىرى ئۇ يىللار بەرمەيدۇ ئارام...»
ئىچىشتۇق،
ئىچىشتۇق،
شارابتا ئۆچمىز باردەك ئىچىشتۇق،
يالپۇز پۇراپ
ئېرىق قىرىدا ئېلىپ دەم ـ ئارام.
«ئاقساق كاپىتان،
سابىق كاپىتان،
رەھمەت سىزگە!
ئاشۇ ئاقساق پۇتىڭىز ئۈچۈن،
ئاكوپلاردا قالغان ياشلىقىڭىز ئۈچۈن،
كۆتۈرىمەن جام!
تەشەككۈر سىزگە،
ئۇنۇتماپسىز،
سېغىنىپ كەپسىز
بۇ قەدىردان پوستتا تۇرغان يەرنى!
سىز ئۇنۇتمىغاندەك،
ئۇنۇتمايدۇ ئەلمۇ،
ئۇ يىللاردا ئىسپانكا كىيىپ،
ئۆلۈمنى قوچاقلاپ،
كۆرۈمنى بىرىپ،
ئەركىنلىك ئۈچۈن قان تۆككەن ئەرنى!»

1985 ـ يىل فېۋرال



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر گۈزەل كېلىۋاتىدۇ

ئاھ، بىر گۈزەل كېلىۋاتىدۇ،
كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم.
چاچلىرىدىن كۈلەر بوستان تال،
لەۋلىرىدە باللىق مەسۇم.

ئۇ باغلارغا تاشلىدى نىگاھ،
گۈل بىخىدىن ئۇيغاندى بىر قىز.
ئۇ دالاغا تاشلىدى نىگاھ،
ئاق تونىدىن يېشىندى ئىتىز.

تىنىقىدىن كېلەر گۈل ھىدى،
ۋە قۇياشتا چاقنايدۇ ئەكسى.
يەر تەرلىدى ئۇنىڭ ئىشقىدىن،
زۇمرەت تامدى قىيالار كۆكسى.

يۈز - كۆزۈمگە ئۇرۇلغان تامچە
يېشى ئەمەس سازلىق ئاسماننىڭ.
ئۇ گۈزەلدىن تۆكۈلگەن مارجان
بەرىكىتى يېڭى ئىنسانىنىڭ.

پىچىرلايدۇ شامال ئورماندا:
«ئويغىنىڭلار!
گۈزەل كەلمەكتە.»
ئېرىق باغرىدا يالپۇز كۆز ئېچىپ،
ئۇ گۈزەلگە سالام بەرمەكتە.

قارشى ئالار پۈتۈن تەبىئەت،
ھېسسىياتقا باي خىيالچان سەھەر.
ئاشىقلارنىڭ گۈل سەيلىسىگە،
ئۇ گۈزەلدىن كېلىدۇ خەۋەر.

ئەنە كەلدى، كەلدى گۈلئۈزار،
ئانا يۇرتقا بېرىپ رەڭ، زىيا.
تا ئەزەلدىن ئىنسان قەلبىنى
ئۇ ئۆزىگە ئەتكەن مەھلىيا!

1985 ـ يىل مارت



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# چىدىساڭ ياشا

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ، تەخت بىرگە بىر، پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت چاپلىشار،
بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا!

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلىمەيمەن، ئۆزۈڭدە گۇناھ.
ئالتۇن بول، تۇپراق بول،سەن ئۆزۈڭ دۇنيا،
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز «ئاھ ـ ۋاھ»
بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا!

1985 ـ يىل ماي

# يوقالماس خۇشامەت، يوقالماس شۆھرەت

ئەي شائىر، كۈچەنمە سۆكۈپ بىھۇدە،
يوقالماس خۇشامەت، يوقالماس شۆھرەت.
قوشكېزەك ئىكەنمىش ئۇلار ئالەمدە،
قوشكېزەك بولغاندەك مۇھەببەت ـ نەپرەت.

شۆھرەتنى تاشلىسام بېشىمدىن يىراق،
خۇشامەت قوزغۇندەك ئۇچتى شۇ تامان.
يوقالسۇن نەس شۆھرەت قەلبىمدىن بىراق،
خۇشامەت دىلىمنى ئەتمىسۇن ماكان!

1985 ـ يىل ئىيۇن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلباھار

گۈلباھارنى كۆردۈم،
ئارامسىز
كەتتى، خىيال تۇتتى كوچىدا.
گۈزەل ئىدى ئاشۇ ياز چېغى،
ئاق ئۆستەڭدە، ئالما شېخىدا...

گۈلباھاردەك گۈزەل باغ ئىدى،
باغنى كۆردۈم ـ باھارنى كۆردۈم.
ئۇ ئۆستۈرگەن يېڭى سورتلاردىن
يېڭى ھايات زوقىنى سۈردۈم.

سۆھبەتلەشتۇق ئالما تۈۋىدە،
گۈزەل ئىدى خىيالى ـ ئويى.
ئۆتتى كۈنلەر،
لېكىن نېمىشقا
ئۇنتالمايدۇ يۈرىكىم ئۇنى!؟

ئۇنى سۆيدۇم، لېكىن ئىشەنچسىز،
ھەم يوشۇرۇن دەردلىك يۈرەكتە.
ئۇنى سۆيدۇم پاك ۋە غۇبارسىز،
شېرىن ئۇمىد، يېڭى تىلەكتە.

مەن يىراققا كەتتىم،
گۈلباھار
كۆچىتىگە ئۇلاق ئۇلاپتۇ.
بۇگۈن كۆرسەم پېشانىسىدىن
پاك ئانىلىق نۇرى چاقناپتۇ...

ئاھ، گۈلباھار، بېغىڭغا ئەمدى
كىرەلمەيمەن، كۆرمەيمەن سېنى.
ئۆتمۈشۈمدىن، خىياللىرىمدىن،
غەمكىن بولۇپ ئەسلەيمەن سېنى..
كۆرۈنمىگىن كۆزۈمگە زىنھار،
قوزغىمىغىن كونا دەردىمنى...

1985 ـ يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چەكمەنلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى

چەكمەنلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى،
خىيالنى بۇزماڭلار ئۇنىڭ.
ھەي يىگىتلەر، ھەي ـ ھەي يىگىتلەر،
ئارىسىدا ئۇ ئىككى ئوتنىڭ.

ئارىسىدا ئۇ ئىككى ئوتنىڭ،
تەقدىر ئۇنى شۇنداق يەكلىدى.
ئۇ يىغلايدۇ كىمگە يېلىنىپ،
ئەجەب گۈزەل، لەۋەن قىز ئىدى.

گۈزەل ئىدى ھەم مەغرۇر ئىدى،
كۆيدۈرگەن ئۇ تالاي يۈرەكنى.
سۆيگۈ بەخت بەخش ئەتكەنتى،
كىمگە تۇتار قەلبىنى ئەمدى!

گۈزەل ئىدى ھەم مەغرۇر ئىدى،
ھايات، ئالەم كۆرۈنگەن گۈزەل.
قېنى ئۇ چاغ؟ شېرىن نەپەسنى
ئېلىپ كەتتى ئەجەل بىمەھەل...

خىيالىدا ئۆتمۈش ئەلەڭلەر،
بوسۇغىدا ساماۋى قامەت.
تۈنلەر ئۇزۇن، ياندا بالىسى،
بىغەم ئۇخلار پۇشۇلداپ پەقەت.

1985 ـ يىل ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەككىزىنىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن ①

ئائىلەم بار،
بالىلىرىم بار،
بار يەنە ئىككى چېكەمدىمۇ ئاق.
خىيال ـ سەپرادىن
قوڭۇر چاچلىرىم قالدى شالاڭلاپ...
قايغۇممۇ بار مېنىڭ،
خۇشاللىقىممۇ،
لېكىن دوستلار سىلەرگە ئوخشاش،
خۇشاللىقىم ئاز ىىراق...
ئۆز بويلۇق بولۇپ قالدى بالامىۇ،
ئون توققۇز ياش!
هەي، شۇنداقتىمۇ،
يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا
بار تۈنجى مۇهەببەت—
تۈنجى دەرد ـ پىراق!
كىم ئۇ،

① بۇ شېئىر ئايرىلغىلى يىگىرمە ئۈچ يىل بولغان ساۋاقداشلار جەم بولغاندا ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يېزىلغان ۋە ئوقۇلغان.

www.uyghurkitap.com

كىم ئۇ،
ئون سەككىز يېشىمدا
يۈرىكىمگەياندۇرغان چىراغ؟!
ھەي، مانا بۈگۈن
ساۋاقداشلار بولغان چېغى جەم،
كۆرۈنمەي قالدى كۆزۈمگە
ئائىلەممۇ،
بالىلىرىممۇ،
كۆرۈندۇ كۆزۈمگە پەقەت:
گۈزەل ياشلىقىم،
غەمسىز ۋاقلىرىم،
ئانا مەكتىپىم،
جان ساۋاقداشلىرىم،
ئوقۇتقۇچۇم ـ مۆھتەرەم!
يىگىرمە ئۈچ يىل،
ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە ئاي،
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن،
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۈن...
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۆمۈچۈك
تور سالدى ئۆيۈمگە،
تور سالدى كۆڭلۈمگە،
تور سالدى
ياشلىقىمغا، ئۆمرۈمگە!
ئاھ،

سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن!
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۈن!
ھەر كۈننىڭ ھەسرىتى،
خۇشاللىقى قانچىلىك؟!
ھەر تۈننىڭ سىرلىق ئوي ـ خىيالى،
ئۈمىد، تاتلىقلىقى قانچىلىك؟!
ھەي،
يىگىرمە ئۈچ يىل،
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن،
سىنەمدە قالدى
قانچە ھەسرەت ـ ئەلەملەر،
ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر
قوينۇمغا سىغماي كەتتى ئەبەدىي.
ھېچكىم،
ھېچقانداق كۈچ
ياندۇرالماس ئۇنى ئەمدى.
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن،
سەككىزمىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۈن،
ئۇچراشتى ماڭا،
تۈرلۈك ـ تۈمەن ئادەملەر:
رەزىل تۈلكىلەر،
پۇل بىلەن چىراي تۈزگەنلەر،
نان غېمىدە سەرسان يۈرگەنلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دوستلار،
ئاق كۆڭۈل ئادەملەر،
نەچچە يۈز مىڭ كۆز...
لېكىن، ئۇچراشمىدى ماڭا،
ياشلىقىمدىكىدەك،
ساۋاقداشلىرىمدەك
ئىللىق چىراي يۈز.
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن كۈن،
سەككىز مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۈن!
ئېيتىڭلارچۇ سىلەر،
نېمىلەرنى ئويلىدىڭلار،
نەلەرنى بويلىدىڭلار،
جان ساۋاقداشلىرىم،
ساۋاقداشلىرىم!؟
كىملەرگە يېلىندىڭلار،
كىملەرگە باش قويۇپ تېۋىندىڭلار،
جان ساۋاقداشلىرىم،
ساۋاقداشلىرىم!؟
يىگىرمە ئۈچ يىل،
ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە ئاي،
كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلەرگە باي!
بەزىلىرىڭلارنىڭ
بوھتان ـ تۆھمەتتە

تاس قالدى كېتىشكە بېشىڭلار.
بەزىلىرىڭلارنىڭ
مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتتى
ئاكا، ھەدە،
جان ــ جىگەر قېرىنداشلىرىڭلار...
مېنىڭمۇ ئۇ چاغدا ئاتام بار ئىدى،
بوينۇمدا يوق ئىدى بويۇنتۇرۇقمۇ.
مېنىڭ ئۇ چاغدا
ساۋاقداشلىرىم بار ئىدى،
دوستلىرىم،
سۆيگەن يارىم بار ئىدى،
يوق ئىدى يۈزۈمدە قورۇقمۇ.
ھەي يىگىرمە ئۈچ يىل،
سۆيمىگەنگە سۆيدۈردى مېنى،
كۆيمىگەنگە كۆيدۈردى مېنى،
يېتىم قىلدى ئوماق قىزىمنى...
ھەي دۇنيا، تۇرمۇش
مانا شۇنداق نەرسىكەن.
ئىنسان
يىغلاپ تۇغۇلۇپ،
رەنجىپ ئۆلەركەن...
لېكىن،
مەيلى رەنجىسە باشقىلار،

رەنجىمەيمەن دۇنيادىن.
رەنجىمەيمەن،
نە پايدا ئۆتكەن كۈنگە رەنجىشتىن!
بۇ دۇنيا،
بىرگە بىر دۇنيا،
بىرگە بىر بوپ تېتىپ ياشايمەن!
ياخشىلارغا، دوستلارغا،
ئاداققىچە بارلىقىمنى ئاتايمەن.
ئوقۇيالمىدىم ئۇنىۋېرسىتېتتا،
لېكىن ئوقۇدۇم ـ كۆردۈم،
خاڭدا، خاماندا،
مەدىكارلىقتا،
بۇ تۇرمۇشنىڭ سىرلىق مەكتىپىدە
سىرلىق خېتىنى.
شۇڭا،
تۇرمۇش قەدىرلەتتى ماڭا
دوستلۇق،
ساۋاقداشلىق بۇرچىنى...
بۈگۈن شۇڭا،
مۇھەببەت سىلەرگە،
جان ساۋاقداشلىرىم،
ساۋاقداشلىرىم،
ھۆرمەت سىلەرگە!

1985 ـ يىل 18 ـ نويابىر

# غۇرۇرۇم

ئاتام بەرگەن غۇرۇربۇ، ئانام بەرگەن غۇرۇربۇ،
قان ـ قېنىمغا، تېنىمغا، ۋۇجۇدىمغا سىڭگەن ئۇ.
ئەزان چىللاپ ئېتىمنى قويغان چاغدا بوۋامۇ:
«ئوغلۇم كۆكسى ـ قارنى كەڭ، غۇرۇرلۇق بول» دېگەن ئۇ.

تانالمايمەن ئانامنىڭ ئوغلى مەن ئەل ـ يۇرتقا خاس،
ئەقەللىي بىر بۇرچدۇر ئاتا قەرزىن ئاقلىماق.
ئۆز قەلبىمگە ھەيكەلدۇر، خۇشامەتكە سىپ قوقاس،
ئۆز ئەجرىمنى قۇت بىلىپ غۇرۇر بىلەن ياشىماق...

تەلپۈنىمەن دائىما مەجنۇن كەبى لەيلىگە،
گەز باغلىغان لەۋلەرگە قەلەمدە سۇ قازغىلى.
ئەرك بېرىپ كۆڭلۈمگە، چىقارمايمەن سەيلىگە،
ھەر مىنۇتنى تاۋلايدۇ تەپەككۇرنىڭ بازغىنى.

ۋاراقلايمەن ئىزدىنىپ تەزكىرىنى يۇرتۇمنىڭ،
غۇرۇر ـ نومۇس ئۆندەيدۇ ھېكمىتىنى بىلىشكە.
كىملەر تۆكتى قارا داغ ئۈستىگە بۇ دۇردۇنىنىڭ؟!
قەبرىگاھدا ئۈچرايدۇ قارا سۆڭەك نېمىشكە؟!

تاش ـ داڭقانغا ئويۇلغان ئىمىر ـ چىمىر يېزىقلار،
غۇرۇرىنى سۆزلەيدۇ بۇ قەدىمىي يەرلەرنىڭ.
شىۋاق باسقان بەللەردە ئىزى قالغان قورۇقلار،
شەۋكىتىگە نامايان ئات ئويناتقان ئەرلەرنىڭ.

قىياقلارنى مۇقەددەس مېھرىگىياھ سېزىمەن،
باتۇرلارنىڭ قىلىچى ئۇندا يارقىن، مۇجەسسەم.
ئىز قوغلىشىپ ئۆتمۇشتىن مەن يۇرتۇمنى كېزىمەن،
زەھەرلەنگەن باتۇرنىڭ سۆڭىكىدە بار ئەلەم...

دۇپۇرلەيدۇ تۇياقلار، جاراڭلايدۇ قىلىچلار،
گۈمبەزلەردىن تارايدۇ ئالپلارنىڭ غۇرۇرى.
قارىغايلار شېخىغا قاناتلاندى نەيزىلەر،
تاشنى يېرىپ ياشنايدۇ شۇڭا قارىغاي تومۇرى.

ئارچا، قارىغاي ئاستىدا، قىيا تاشلار باغرىدا
ئۇچراپ قالار ناگىھان تۇلپارلارنىڭ تۇيىقى.
پۇتلاشتىمۇ تاشقا ئۇ جەڭگە ئۇچار چېغىدا؟
ئۆتەلمەيمەن بۇ يەردىن بار كۆڭۈلنىڭ سورىقى.

قېرى قارىغاي شېخىدىن كېلەر سادا شىۋىرلاپ:
«ئوغلاندى بۇ يەردە ياۋنى يەڭگەن قەھرىمان.
غۇرۇرىنى ـ ئۆملۈكنى يوقاتقانغا يوق نىجات:
ئالتۇن، تەخت ۋە شۆھرەت كۆتۈرمىدى كۆپ زامان.»

خەنجىرىنىڭ بىسىغا زەھەر سۈرتۈۋالغان كىم،
ئالتۇن، تەخت تالاشقان سەركەردىمۇ يا نۆكەر؟
ئاشۇ قارا قاناتلىق خائىنلارغا بى رەھىم
ئۇلۇغ زېمىن نەپرىتى يانار مەڭگۇ شۇ قەدەر.

شاخ قايرىغان ئىنسانغا قەلبىمنىڭ بار دەررىسى،
دوستلار، دىلىم مەستانە مۇشۇ قارا تۇپراققا.
نېچۇن، لېكىن بىلمەيمەن شۇ تۇپراقنىڭ زەررىسى،
ھالسىرىسام جەڭلەردە تۇرغۇزىدۇ ئاياغقا.

رەھمەت دەيمەن سۆيۈنۈپ غۇرۇر بەرگەن يۇرتۇمغا،
لېكىن، دوستلار تەكەببۇر راۋىقىدىن يىراقمەن.
ئەگەر دۈشمەن بىھۇدە غۇرۇرۇمغا چېقىلسا،
ئاداققىچە ئۇ بىلەن جەڭگە چۈشكەن بايراقمەن.

غۇرۇرۇمغا تېگىدۇ بەزى رەزىل ـ ئۆلەرمەن،
نەقىلايكى ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ـ ئۆز باغرىم.
ئەلەم بىلەن پىچاقنى ئۆز تېنىمگە ئۇرىمەن،
ئەندىكمەيمەن ئەنسىرەپ تارتىپ قالسا قاپىقىم.

غۇرۇرۇمغا تېگىدۇ ھەسەتخورلار كۆر، ئەجەب،
تۇرالايمەن مەن قانداق دوستلار چۈشسە ئۇسسۇلغا.
دېمەك، ئۇلار كۆرەلمەس، قەلبىمدە بار سەدەپ،
لېكىن، دوستلار بىلگىلار ئوخشمايمەن روبسۇنغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يوق مېنىڭدە روبسۇندەك بۈيۈك قۇدرەت ـ تالانتىم،
پەقەت ئاددىي پۇقرامەن ئۆز قەلبىمگە خوجايىن.
شائىرلىقنى ئىستىدىم، كۈيلىدىم ئەل ـ يۇرتۇمنى،
ئەل كۆڭلىنى تاپتىمۇ بىلەلمىدىم يازغىنىم.

ھايات ئۆزى ئۆتكۈنچى، كۆمۈلدۇ كۆپ ئىزلار،
لېكىن، دوستلار ئەمنىمەن كۆمۈلمەيدۇ ئەقىدەم.
يەنە يۈز يىل كېيىنچۇ؟
تەڭتۇشلاردىن كىم قالار،
قەدىرلەيمەن شۇنىڭچۈن غۇرۇرۇمنى مەن ھەردەم!

*

ئاتام بەرگەن غۇرۇر بۇ، ئانام بەرگەن غۇرۇر بۇ،
قان ـ قېنىمغا، تېنىمغا، ۋۇجۇدىمغا سىڭگەن ئۇ.
ئەزان چىللاپ ئىتىمنى قويغان چاغدا بوۋاممۇ:
«ئوغلۇم، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، غۇرۇرلۇق بول!» دېگەن ئۇ.

1985 ـ يىل ئاپرېل

# ئانا، ئالەم سەن

هويلىدا يايغان ئاپئاق كىر تۇرىدۇ،
ئاق داستىخان ئۇستىدە تۇرىدۇ ئاق نان.
ئاق سۈتلۈك بەھرىدىن ئاق بوپ تۇغۇلدۇم،
نۇردەك ئاق كۆرۈندى كۆزۈمگە جاھان،
ھاياتسەن، ئالەم سەن ئۆزۈڭ ئانىجان!

بىلمىسەم ئالەمنى ئەيىب ئەتمەڭلار،
ئالەم دەپ بىلىمەن سىنى ئانىجان.
يۇلتۇزنى كۆرسەتتى مېھرىبان كۆزۈڭ،
قەلبىڭدە قۇياشنىڭ تەپتى نامايان.
يېقىملىق ئەركىلىتىشىڭ باھار ئەمەسمۇ،
يامغۇردىن بېشارەت تۆكۈلگەن يېشىڭ.
قار نېمە، تاغ نېمە؟ دەسلەپ كۆرگىنىم
ئاپئاق قار سياقى ئاپئاق چاچ بېشىڭ.
ئانىجان، مۇشكۈلگە چىداملىق تاغسەن،
«يېرىلىڭ تاشىم» نى تىڭشىغان چېغىم،
خىيالىي چۆچەك دەپ بىلگەن ئىكەنمەن،
ئۇ ئىكەن كەچمىشىڭ، ھايات قىسمىتىڭ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

جاھاندا نېمە بار مېھرىبان سەندەك،
چىن مېھرىڭ بىباھا، ئالەمگە قىياس.
سەن بەردىڭ ھاياتقا سۆيگۈ، ئىرادە،
سەن بىلەن كۆڭلۈمدە دائىم باھار ـ ياز!
يىغلاشنى، كۈلۈشنى ئەيىب ئېتەر كىم،
ھاياجان، ھېسسىياتنى بەخش ئەتكەن سەن.
بەختىڭ ۋە خۇشلۇقۇڭغا پەرزەنتىڭ ئورتاق،
ھەسرىتىڭ پىنھاندۇر، قايغۇدا يەك سەن.
ئەللەي ناخشىسىدا ئوغۇز كۈيى بار،
شۇڭلاشقا ناخشىچى بولۇپ يېتىلدىم.
ئانا، ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ بىر پەس،
«قوي» دېدىڭ، نەگىدۇ ئويچان تىكىلدىڭ.
نېمە ئۇ كۆڭلۈڭنى شۇنچىلا تارتقان،
يىراققا ئۇچقان ئوغلۇڭ چۈشتىمۇ ئەسكە؟
يا جىمجىت كېچىنىڭ خىيالچان كۆزى،
قەلبىڭنى تارتتىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە؟
قوشنا ئۆي روجىكىدىن ناخشا كېلىدۇ،
ئەللەي ناخشىسى ئۇ بۆشۈك تەۋرەتكەن.
بىلدىم، ئانا، بىلدىم، خىيال ـ ئويۇڭنى
شۇ ناخشا بالىلىققا سېنى ئەپكەتكەن.
شۇ تاپتا بوۋاققا ئايلاندىڭ بىردىن،
ئانا قۇچىقىدا غەمسىز، ئوماقسەن.
ياشايسەن، ياشنايسەن ئانانىڭ مېھرىدىن،

خىيالدىن ئويغانساڭ يالغۇزسەن ـ تاقسەن.
چۆرەڭدە پەرزەنتىڭ — ھايات رىشتىسى،
قىلارسەن مېھرىڭنى ئۇلارغا تەقدىم.
ئانا، ئۆزۈڭ ئانا تۇغقان ئانىسەن،
ئانا مېھرى شۇنداق ئۈزۈلمەس ئېقىن!

ھويلىدا يايغان ئاپئاق كىر تۇرىدۇ،
ئاق داستىخان ئۈستىدە تۇرىدۇ ئاق نان.
ئاق سۈتۈڭ بەھرىدىن ئاق بوپ تۇغۇلدۇم،
نۇردەك ئاق كۆرۈندى كۆزۈمگە جاھان،
ھاياتسەن، ئالەم سەن ئۆزۈڭ ئانىجان!

1985 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شائىرنىڭ ھاياتى بولسۇن قىسقىراق

شائىرنىڭ ھاياتى بولسۇن قىسقىراق،
غۇرۇرى، قىممىتى ياشىسۇن ئۇزاق.
بىر دانا دەپتىكەن: «شائىر قېرىسا،
شۆھرەت ۋە ئاتاققا بولىدۇ ئامراق!»
شائىرنىڭ ھاياتى بولسۇن قىسقىراق.

مۇھەببەت لەززىتى ئىنتىزارلىقتا،
ئىنتىزار قەلبلەردە شائىر كۈيى ـ قوشاق.
بۇ ھايات ئۆتمەيدۇ بىر تۈز سىزىقتا،
شائىرنىڭ ھاياتى بولسۇن قىسقىراق،
ئەۋلادلار قەلبىدە ياشىسۇن ئۇزاق!

1985 ـ يىل ماي

# قارا چېچەم

قارا چېچەم، قاپقارا چېچەم،
بويغان چېچەم،
ياشلىق چىراي بەردى ھۆسنۈمگە.
تەئەججۈپتە سورىدىڭ جېنىم:
— ئاق ئىدى چېچىڭ،
بويىۋالدىڭ ئىبىتقىن نېمشكە؟!
— ئەيىب ئەتمە، دۇنيا ئۆزى رەڭ،
ياساندۇرغان تەبىئەت گۈزەل.
ئاقلىقىمنى قەلبىمگە بەردىم،
قارا چېچىم سەھنىدە غەزەل!

1985 ـ يىل ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئىككى يۈزلىمىلەر «پاشاگىلار ئۇزاق»

(ساتىرا)

ئىككى يۈزلىمىلەر ياشاڭلار ئۇزاق،
مانا سىزگە مەنسەپ، مانا سىزگە پۇل.
شائىرلار سىز ئۈچۈن توقۇسۇن قوشاق،
ئالالمۇ جەننەتكە يوللىسۇن ئۇدۇل.

بۇ دۇنيا سىز ئۈچۈن يارالمىش پەقەت،
غەيۋەتۇ خۇشامەت سىز ئۈچۈن ھەمدەم.
ساددا ـ گوللارنى ئالداڭ سىز كۆپرەك،
ئۇلار سەرسان بولسا سىزگە نىمە غەم.

قىلدەك ھوقۇقنى كۆرستىڭ پىلدەك،
سىزگە يارىشىدۇ كىبىر ـ تەمەننا.
يالغان سۆزگە ھېچكىم ئالماس باج ـ سېلىق،
سىز چاقماق چاقسىڭىز ئوت ئالماس پاختا.

نىمە بولدى «دوستۇم»، چۆچۈدىڭىز زەپ،
ئۇخلاڭ بەخىرامان لۆم ـ لۆم كارىۋاتتا.
نىمە ئۇ مەسئۇلىيەت، ئىنتىزام، بۇرچ،
باشلىقتا يېقىنسىز، ئۆزگە مۇستەسنا.

باشلىقتا يېقىنسىز ، پۇقرادىن يىراق،
ھە، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزى.
قانداق لەززەت ئۇ ئۆز ئۇچۇن ياشىماق،
ئەمما، كۆپكە تەۋە بوپ تۇرسا سۆزى.

دۇنيادا ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم كۆپ،
ئالدىماق نەقەدەر ئوڭاي بۇرادەر.
لېكىن، ئوقۇپ قالدىم بىر تەمسىلدە مۇنداق:
«قىيىق ئىش قىرىق يىلدىن كېيىن بىلىنەر!...»

1985 ـ يىل 6 ـ ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەھرا قىزى

قەدرىڭنى بىلەر قەدرلىگەنلەر،
سەن قەدرسىز ئەيلىسەڭ مەيلى.
سېنى ئەركە، نازۇك دېگەنلەر
چۈشەنمەيدۇ قەلبىڭنى ئەسلى.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
يۇر دالادا ئېتەيلى سەيلى.

ئەركىلىكىڭ خۇلقۇڭغا زىننەت،
ئەركىلەتكەن سېنى بۇلاقلار.
نازۇكلۇقىڭ گۈللەردىن سۈپەت،
نازۇك ئۆسەر لەيلىقازاقلار.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
ئەركىن ئۆسەر بەرگى قىياقلار.

سۈبھى سۆيگەن تاڭچى تورغايلار
چوخچۇپ يۇرسە مەيلى قەيەردە.
شۇ تورغايدەك كۆزلەكلەر تاشلاپ،
ئۇچۇپ كەپسەن بۇ چوڭ شەھەرگە.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
نېمە تارتىپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟

ساڭا تونۇش ئەمەس بۇ شەھەر،
تېكىساقال يوق ئېتىز قىرىدا.
پۇرالمايسەن يالپۇز ھىدىنى،
پۇتۇڭنى چىلاپ ئېرىق بويىدا.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
مەجنۇنتال يوق ئۆستەڭ بويىدا.

نېمە ئىزدەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە،
ئەتكەنچاينى سېغىنمىدىڭمۇ؟
بۇ يەردە يوق كەچكى پادىلار،
بېدە كۆكىنىڭ خۇشبۇي ھىدىمۇ...
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
ئەتكەنچاينى سېغىنمىدىڭمۇ؟

رەنجىتتىمۇ ياكى يىگىتىڭ،
توقايلىقتا كۆڭۈل تارتقان چاغ؟
تۇرمۇش سېنى مەجبۇر ئەتتىمۇ،
تۇنجى سۆيگەن يارىڭدىن يىراق؟
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
قەلبىڭدە بار بىر ئوتلۇق پىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇرىكىڭنى ئېيتمايسەن ماڭا،
سىرىڭ ئايان كۆڭلۈمگە بىراق.
شوخ كۈلسەن، لېكىن قەلبىڭنىڭ
تەكتىدە بار جۇدالىق ـ پىراق.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
قەلبىڭدە بار بىر ئوتلۇق پىراق.

ئېيتمىساڭمۇ بىلمەن سېنى،
تارتىپ كەلدى مەكتەپ ياتىقى.
بۇدۇر بوپتۇ ئۆرۈمە چېچىڭ،
سىڭىپ كەتتى شەھەر پۇرىقى.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
ھۆسنۈڭدە بار شەھەر پۇرىقى.

كىتابخانا،
لېكسىيە،
قەلەم،
قالدى يىراقتا شوخ بالىلىقىڭ.
بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزۈڭ ئەركىسەن،
نۇرلىنىپتۇ ئىچىڭ ھەم تېشىڭ.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
ئىلىمدىن نۇرلاندى ئىچى ھەم تېشىڭ.

ئېرىق بويى،
گۈگۈم قويندا،
ئاكاتسىيە ياپراقلىرى جىم.
سۆھبەتلەشتۇق، لېكىن كۆڭلۈمگە
تېگىپ كەتتى بىر ئېغىز گېپىم.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
نازۇكلۇقىڭنى كىم بىلەر سېنىڭ!؟

قايسى سۆزگە رەنجىدىڭ شۇنچە،
تەگدىمۇ يا غۇرۇرۇڭغا تاش؟
نېمە بولدۇڭ ئېيتقىن ئامرىقىم،
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلمەكتە ياش.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
نېمە بولدۇڭ، كۆزلىرىڭدە ياش؟

ئىچ ـ ئىچىڭدىن ئۆرلەيدۇ پىغان،
ئېسەدەيسەن قولۇڭدا ياغلىق.
«چۈشەنمەيسىز، ــ دېدىڭ، ــ سۆزۈمگە
سەھرالىقىم ئەمەسقۇ باغلىق.»
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
ئېسەدەيسەن قولۇڭدا ياغلىق.

تېگىر قىدىم،
كەتتىڭ خوش دېمەي،
قاراپ قالدىم ئارقاڭدىن كېيىن.
ئېرىمىدىڭ چۈشەنگەن چېغىم،
ئاھ، يۈرىكىڭ سېنىڭ تاشمىكىن؟!
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
بۇ تەقدىرىڭ ئويۇنمىكىن؟!

شۇندىن بۇيان سېنى ئەسلەيمەن،
يۈرىكىمدە بىر ھەسرەت ئوتى.
راست ئېيتسەن مۇھەببەتتىنمۇ
قەدىرلىك ھەر كىشىنىڭ يۇرتى.
سەھرا قىزى، ئاھ سەھرا قىزى،
قەلبىم سۆزى بۇ — قەلبىم سۆزى!؟

1986 ـ يىل ئاپرېل



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تورغاي سايرايدۇ...

بىر تورغاي،
دالا تورغىيى،
قەپەس ئىچىدە،
شۇنچە خۇشناۋا، شۇنچە چىرايلىق
سايرايدۇ،
سايرايدۇ ئاي ـ هاي...
خۇددى زەڭگەر ئاسمان ئاستىدا،
ئاي دالادا سايرىغاندەك،
ئۇنتۇپ پۈتۈن دۇنيانى،
سايرايدۇ تىنماي.
ئىسىدە يوق قەپەس،
ئىسىدە يوق گۈزەل تەبىئەت،
ئۇلارنى ئەستىن چىقاردى پۈتۈن.
ئۇنىڭ ئالدىدا
كىچىككىنە بىر ئەينەك،
ئىسى ـ يادى شۇنىڭدا پەقەت...

تورغاي سايرايدۇ—
ئەينەك سايرايدۇ،
سايرايدۇ،
سايرايدۇ!...

1986 ـ يىل ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئېرەنلىكتىكى ئەستىلىك

لېۋىدە ئولتۇرىمىز قاش بويىنىڭ،
بۇلبۇللار سايرىشىدۇ ئېرەنلىكتە.
بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا — كەلگەن كېتەر،
ئىزىمۇ قالماس بەلكى چىمەنلىكتە.

كىم بىلەر قەدرىنى بۇ ئېرەنزارنىڭ،
بۇ يەردە ئۆسەر نوتا — يېڭى ئەۋلاد.
دوستلىرىم،
رازى ئىدۇق بىز ئۇلاردىن
مەردانە ئۆتكەن دېسە بىزنىڭ ئەجداد!

مەردانە ئۆتكەن ئىدى ئەجدادىمىز،
باتۇرلار ماكانىدى بۇ قاش بويى.
ئىچمەن شۇ مەردلەرنىڭ كەيپى بىلەن،
ئۆچمىگەي باتۇرلارنىڭ ناخشا ـ كۈيى!

1986 ـ يىل 15 ـ ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېڭىز ئۈنچىلىرى

*— 1986 ـ يىلى ئاۋغۇستتا مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر ساياھەت رايونى بېيدەيخېدا بولدۇم.*

## خوشلىشىش

بۇ ساڭا سالامىم گۈزەل پەرىشتەم،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىلەر چۈشەنمەس بۇنى.
بۇ يەردە سەن يەنە كۆڭلۈمگە ھەمدەم،
خىيالدا ئۆزاتتىم ئىلى يولىنى.

مەن يەنە سەپەردە، مەنزىلىم يىراق،
دېڭىزغا باغرىمنى ياققۇم كېلىدۇ.
قايغۇمنى دېڭىزدا قالدۇرۇپ بىراق،
قايتىدىن ياشلىققا قايتقۇم كېلىدۇ.

دېڭىزغا شۇڭغۇسام، ياشلىققا قايتسام،
ھەسەت ۋە پىتنىدىن خالاس بولسا تەن.
مەرۋايىت سۈزۈپ، نىگار، بوينۇڭغا ئاسسام،
مۆجىزە بىلەرمىدىڭ بۇنى پەرىشتەم.

مۆجىزە ئەمەستۇر، ئەل قەدىرلىسە،
سەن ياشىسەن ئەبەدىي، ياشىسەن دىڭىزدەك.
سۆيگۈڭگە ئىنتىزار قەلبىم چۆمۈلسە،
بەختىمۇ كۈلەتتى مېنىڭ قوشكېزەك!

## دېڭىز بەرگەن ھېسسىيات

كۆك دېڭىز ياتىدۇ ئۇپۇققا تۇتاش،
قارايمەن خىيالدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
دېڭىزدا يوق ھەسرەت، خۇشاللىق، كۆز ياش،
يوق ئۇندا مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئىشتىياق.

دېڭىز كۈيلىمەيدۇ، كۈيلەيدۇ قەلبىم،
ئۇنىڭدا جۇدالىق، مۇھەببەت، سادا.
دېڭىزدەك ئەبەدىي بولسىدى ئۆمرۈم،
قەرزىڭنى تېخىمۇ قىلاردىم ئادا!

## ئىككى ئالەم

قىيا تاشتا
تۇرىمەن ئىككى دۇنيا چېگراسىدا.
ئوڭ يېنىمدا كۆك ئالەم،
سول يېنىمدا يېشىل ئالەم،
ئىككىسىنىڭ ئارىسى پەقەت،

بىر قورام تاش،
بىر غېرىچ قۇملۇق،
بىر قەدەم...
خۇددى شۇنداق
ھايات چېگراسى —
بىر نەپەس،
بىر دەقىقە،
بىر خۇشاللىق،
بىر ئەلەم!

## قۇياشنى تۇتۇپ

قۇياش قىزاردى دېڭىز ئىشقىدىن،
دېڭىز بويى قۇملۇقتا تۇرۇپ
رەسىمگە چۈشتى بىر جۈپ يىگىت ـ قىز،
ئالقىنىدا قۇياشنى تۇتۇپ.

ئۇلار كەلگەن بەلكى يىراقتىن
چۆمۈلگىلى دېڭىز سۈيىگە.
دېڭىزنى كۆرۈپ، دېڭىزنى سۆيۈپ
كېتەر بەلكى ئەتە ئۆيىگە.

كىم بىلىدۇ گۈزەل دېڭىزنى
ئۇلار يەنە قايتا كۆرەلمەس.
گەر كۆرسىمۇ قىران چېغىدەك
ساھىللاردا سەيلە ئېتەلمەس...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

ئۇلار بىللە ئېلىپ كېتىدۇ
قۇياشنى ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ.
ياشلىقىغا، مۇھەببىتىگە
قۇياش گۇۋاھ شۇ يىگىت ـ قىزنىڭ.

1986 ـ يىل 7 ـ ئاۋغۇست

## ئانا، قويۇپ بەر ①

ئانا، ئانا قويۇپ بەر،
قويۇپ بەر ئوغۇلنى دېڭىزغا،
قۇچاقلىسۇن ئۇنى دولقۇنلار.
ئەنە دېڭىز لاچىنلىرى
قىچقىرىدۇ ئۇنى ئۆزىگە.
ئۇچار قېيىق، ئاق يەلكەنلەردىن
يېڭى دۇنيا ناخشىسى كەلمەكتە.
سىرلىق كۆرۈنەر ئاق بۇژغۇنلار.
دولقۇنلاردا
قانداق سىر باردۇ؟
قانداق تىل باردۇ؟
نېمىشقا پىچىرلايدۇ قىيا تاشقا؟

① بېيدەيخې دېڭىز قىرغىقىدىكى گرانىت تاشتا ئانىسى قولىدىن تۇتقان بىر ئوغۇلنىڭ دېڭىزغا ئىنتىلىۋاتقان ھەيكىلى بار.

ئوغۇل يېڭى دۇنياغا ئىنتىلەر.
ئانا، قويۇپ بەر،
ئۆگەنسۇن ئۇ
دولقۇنلارغا چىداشقا.

## قۇياش چىقتى دېڭىزدىن

بەلكى،
يەنە كۆرەلمەسمەن
قۇياشنىڭ چىقىشىنى دېڭىزدىن.
مەن كۆرگەنىدىم
قۇياشنىڭ چىقىشىنى ئېتىزدىن.
ئەنە،
قۇياش چىقتى دېڭىزدىن،
خۇددى قىزىل يۇزلۇك بىر پەرىشتە
كۆزلىرىنى تىكتى ئەرشكە.
زەڭگەر ئاسماندا
كۇلدى قىزىلگۇل.
ئۇ نۇرلۇق كۆزلىرىنى تىكتى زېمىنگە،
زېمىن كۆكسىدە
كۇلدى قىزىلگۇل،
قىزىلگۇلگە پۈركەندى ئالەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق،
دوستلارنىڭ خۇشال چېھرىدە،
چېھرىدە ئەمەس، كۆكسىدە
قۇياش جىلۋىلەندى شۇنچىلىك كۆركەم!

1986 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست، بېيدەيخې

## نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن

رەنجىمەڭلار دۇنيادىن، رەنجىگەنلەر بىرىڭلار،
ئۇ دۇنيادا جەننەت بار، ئۇ دۇنيادا يوق رەنجىش.
چىدىغانلار ياشاڭلار، ئاقسۇن ھالال تەرىڭلار،
بۇ دۇنيانىڭ قىزىقى — ئۈمىد بىلەن ئىنتىلىش.

يارالغاندا ئالەمگە تۇنجى ئادەم ئەجدادى،
ساقلالمىغان ئۆزىنى رەزىل نەپسانىيەتتىن.
ئىنسبىيلىكتە يەر شارى ئۆز ئوقىنى سوغاردى،
شۇڭا دائىم رەنجىيمىز ئاشۇ قانۇنىيەتتىن.

تەگىپۇگلۇقتا يارالغان تا ئەزەلدىن بۇ ئالەم،
ھەتتا تەگىپۇك، ئىنسبىيدۇر راھەت بىلەن جاپاسى.
نام ـ ئاتىقى بارلارنىڭ دەردى يوق دەپ كىم ئېيتار،
بار ئۇلارنىڭ تېخى كۆپ بۇ دۇنياغا دەۋاسى.

بۇ دۇنيانىڭ سېھرى بار تۇگلۇكۇگىنىڭ ئۈستىدە،
ئۆيگە كىرسە ئاي كۈلۈپ، بار كەينىدە غوۋغاسى.
توختام سۇلار كۆلچەكتە تۇرۇپ قالغان مىسالى،
تۇرۇپ قالار ئىنساندا گاھى ھەسرەت بالاسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

نام ـ ئاتاق دەپ بەزىلەر چاچلىرىنى ئاقارتتى،
بەزىلىرى مەنسەپ دەپ چىرايىنى سارغايتتى.
بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى يېشەلمىگەن نادانلار،
كەڭ ئالەمدىن قول ئۈزۈپ ئۆز جېنىغا ئوق ئاتتى.

دەرد ـ ئەلەمدىن ئۆزىنى دەريا ـ ھاڭغا ئاتقانلار،
بۇ دۇنيانى سېزىدۇ زەھەر سالغان تاماققا.
لېكىن، گۈزەل تەبىئەت، تۇغۇلغان يەر، ئادەملەر
ئوخشىمامدۇ، ئېيتىڭلار، مۇھەببەتلىك بولاققا.

ئادەملەردىن ئادەملەر رەنجىشىدۇ بۇ تەھقىق،
لېكىن، ئاشۇ رەنجىشنىڭ بار يەنە ئۆز قىزىقى.
شۇڭا، ھايات لەززەتلىك، زىددىيەتلىك، خىسلەتلىك،
ھېچ كىشىنىڭ قولىدا يوق ئەجەلنىڭ يېزىقى.

رەنجىسەڭلار ئادەمدىن رەنجىمەڭلار ئالەمدىن،
ئەجەب گۈزەل يارالغان خاسىيەتلىك بۇ دۇنيا.
قۇياش رەسسام ئالدىدا بارچە رەسسام بىر سەبىي،
تەپەككۇرغا بىھاجەت ئىنساندىكى رەڭ ـ زىيا.

گۈزەل دەيمىز دۇنيانى، ئېيتىڭ نىچۈن ئۇ گۈزەل،
گۈزەللىكنى سەزگەن ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز سەزگۈسى.
دۇنيا ئۆزى بىر تەرەپ، ئىنسان ئۆزى بىر تەرەپ،
يۇغۇرۇلغان ئىنسانغا دۇنيانىڭ بار بەلگىسى.

ئادەم ئۆزىنى بىلمىسە، بىلەلمەيدۇ دۇنيانى،
كۆرۈۋېلىشقا رەنجىپ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى قانچەخان!
ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئالەم ياسار ئۇلۇغ زات،
ۋاقىت دېگەن ئۆزگەرمەس بۇ دۇنياغا ساھىبخان.

بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى بىلەلمەيدۇ ھېچ ئىنسان،
سىرلىرىنى بىلگۈچە ئۆتۈپ كېتەر ئالەمدىن.
نېمە تەرسەڭ دۇنياغا پەقەت شۇنى ئالۇرسەن،
نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن!

1986 ـ يىل دېكابىر

# قارىقات

قارىقات، قاراقاشىنىڭ كۆزىمۇ سەن،
ياپراقلىرىڭ ئۈنىڭ يېشىل ياغلىقمۇ؟
سەزدۇرمەي قىزىرىسەن، قارىدايسەن،
بىلمىدىم بۇ ئاچچىقىڭمۇ، تاتلىقىڭمۇ؟

جىرالارغا ئېتىكىڭنى كەڭ يېيىپسەن،
سىغمىغاندەك ئىچ ـ ئىچىڭگە خۇشلۇقۇڭمۇ.
تاغ سۈيى ئەركىلەيدۇ ناخشا ئېيتىپ،
گۈزەل ئىكەن قىرغاۋۇللار ئۇچقۇنىمۇ...

سايەڭدە يېشىل چىمەن ـ يېشىل گىلەم،
راھەتلىنىپ سايىدىدىم، يانپاشلىدىم.
كىملەردۇر سايىداپتۇ ماڭا ئوخشاش،
كونسېرۋا قۇتىسىنى تاشلىغان كىم؟!

كەلگەن ئىدى ئۈلار قاچان، تۈنىدىمۇ يا؟
خۇشالمۇ يىگىت ـ قىز بۇ سەيلىسىدىن؟
بىلمىدىم، ئېھ قارىقات قىزىرىشىڭ،
چىن سۆيگۈ يالقۇنىمۇ، يا نومۇستىن؟!...

1986 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مارالتاش سەھرى

كۆردۈم يەنە قانچە ياز ئۆتۈپ سېنى مارالتاش،①
ئەتراپىڭدا ئوينىغاچ سېنى سۆيگەن مارالتار.
سۇ ئالغىلى كەلگەندە قىرغىز قىزى قەلەمقاش،
ئېپار ھىدى ئېپكەلدى ئويناپ يۈرگەن شامالتار.

ساڭا باقتى خىيالچان، سۇ ئېلىشنى ئۇنۇتتى،
بەلكى كېچە شۇ يەردە يار لىۋىنى ئۆپكەندۇ.
قويلىرىنى يايلاققا ئېلىپ كەتكەن يىگىتى،
خىيال قىلىپ، بەل ئاتلاپ مەنزىلىگە يەتكەندۇ...

خىيال شېرىن، ياشلىقنىڭ سۆيگۈ قۇچقان بۇ چېغى،
ئېرىپ قىزنىڭ تەن - تېنى ئېقىپ كەتتى سۇ ئارا.
خىيالدا مەنزۇردۇر گۈزەل يايلاق قۇچقى،
قومۇز چېلىپ يىگىتى ئۇچۇپ يۈرەر تۇلپاردا.

① تىكەس ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك قىرغىز ئاپتونوم يېزىسىنىڭ يولى ئۈستىدە مارالغا ئوخشايدىغان چوڭ بىر خادا تاش بار. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «مارالتاش» دەپ ئاتايدۇ.

جىرا بويلاپ ئاق تۇتۇن ئۆرلەپ بارار كۆك تامان،
تېزەك، ئارچا ھىدىنى سىڭدۇرمەكتە توقايغا.
باغلاقتىكى موزايمۇ مۆرەپ كەتتى، كەت چاپسان،
ئېرىمچىك ۋە قايماقنى ساقلاپ تۇرار چال چايغا.

بۇك چاتقاللىق ئىچىدىن پالاقلايدۇ نامەلۇم
ئۇچار قۇشنىڭ قانىتى، قىرغاۋۇلدۇ ئۇ بەلكى.
كىشنەپ چۇشتى قاپتالدىن بىر ئارغىماق چېلىپ ساز،
ئىگىسىنى تونۇدى مال قايرىغان يەردىكى.

ئومارتىچى ① ئۆيىدىن چىقتى،
ئۇچتى ھەرىلەر،
رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكلەر كۈلدى شېرىن سۆيۈشتىن.
تاغ كەپتىرى بۇقۇلداپ تاغ تېرىكى ئۈستىدە
لەززەت تاپتى كۆك تېرەك سەھەرنى كۆرۈشتىن.

ھەيۋىسىدىن پالتىنىڭ قورقۇپ ئۇچتى يىرىندى،
ئاسما چۆگۈن شىڭىلداپ بەلگە بەردى قايناقسۇ.
تاغ ۋە كۆكنى قىزارتتى چوققىدىكى قىزىل شاھ،
قەلەمقاش يوق، مارالتاش يەنە يالغۇز تۇرۇپتۇ.

① ئومارتىچى — ھەسەل ھەرىسى باققۇچى.

www.uyghurkitap.com

ئېھ، مارالتاش، مارالتاش، خىيال قىلما مارالتاش،
يالغۇزلۇقنىڭ قوينىدا ساڭا ھەمراھ كۆك تېرەك.
ئۇچۇپ كەتتى بوز يىگىت،
كەتتى ئەنە قەلەمقاش،
ساڭا ھەمراھ ئاي دالا، ساڭا ھەمراھ قوش يۈرەك...

1966 ـ ، 1986 ـ يىللار

# نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن باھار

ئولتۇرىمىز جىمجىت، سۈكۈتتە،
گەپ قىلمايسەن نېمىشقا زىنھار؟
مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىنىمدا،
نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن باھار؟!

يوشۇرمىغىن كۆز ياشلىرىڭنى،
ئۇ قەلبىڭدىن قايىنىغان بۇلاق.
سىنىڭ مۇڭلۇق قاراشلىرىڭنى
خىيالىمدا ئۇنتۇيمەن قانداق!

يىگىرمىدىن ئېشىپتۇ يېشىڭ،
نېچۈن ساڭا بالدۇر كەلدى دەرد؟
بۇ باغلاردا ئەركىلەر چېغىڭ،
ساڭا خاستى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

نى يىگىتلەر پەرۋانە بولۇپ،
سېنى قولىغا قوندۇرالمىدى.
بىلەلمىدىم، نازۇك كۆڭلۈڭدە،
ئېيت، قايسى بىر يىگىت بار ئىدى؟

قەيەردە ئۇ، يىراقمۇ ـ يېقىن،
قەيەردە ئۇ تۇنجى مۇھەببەت؟
ئۇنتالمايسەن ئۇنى نېمىشقا؟
ئۇنتۇپ كەتكىن ئۇنى خەيرىيەت.

ئۇ بىلمىسە نازۇك قەلبىڭنى،
ئۆرتەنمىگىن ئاڭا بىھۇدە.
يا يوشۇرۇن ـ مەخپىي ئازابمۇ،
يىگىت بىخەۋەر يۈرەمدۇ يەنە؟

كىچىك تۇرۇپ سېنىڭ يەلكەڭنى
بۇ تۇرمۇشنىڭ يۈكى بېسىپتۇ.
يا ئويلامسەن ئىنى ـ سىڭلىڭنى؟
ئاناڭمۇ ھەم ساڭا بېقىپتۇ...

تويىنىڭ گېپى چىقسا قىزلارنىڭ
ئادىتىمۇ يا يىغلايدىغان.
ئېيت گۈلباھار، ئېيتقىنا ئەمدى،
قانداق دەرد ئۇ سېنى يىغلاتقان؟!

1987 ـ يىل 21 ـ فېۋرال



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئايدىن گۈزەل ئاي شولىسى

ئۇنتۇلار دۇنيادا تۈمەنمىڭ ئىشلار،
ئۇنتۇلار ئادەملەر، خۇشاللىق ۋە دەرد.
ئايدىڭمۇ گۈزەلدۇر ئاينىڭ شولىسى،
شولىلار مۇقەددەس، يوقالماس ئەبەد،
ئايدىڭمۇ گۈزەلدۇر ئاينىڭ شولىسى.

ئايدىڭمۇ داغ باركى تەپەككۇرغا يات،
ۋە لېكىن شولىلار بىغۇبار، ئاپئاق.
كىشلىك سۆيگۈسى ياشنار ئۆمۈربات،
ئۇندا بار داغ ـ ھەسرەت، غەلىبە، قوشاق،
كىشلىك دۇنياسى ياشار ئۆمۈربات!

1987 ـ يىل 16 ـ مارت

# رەشك

چۇشەنمەستىن كۆڭلۈمنى سەن رەنجىدىڭ،
چاقچاق قىلسام ئۆز كۆرۈپلا دوستۇڭنى.
رەنجىشىڭدىن بىلدىم كەپتۇ رەشكىڭ،
بۇلۇت قاپلاپ ئاپتۇ گۈزەل ھۆسنۇڭنى.

رەنجىمىگىن، بىلمىدى دەپ قەدرىمنى،
بىلگەن ئۇچۇن كۈندە سىنى ئويلايمەن.
كۆرگەن چېغىم لاتاپەتلىك قەددىڭنى،
خىجىل بولۇپ سەندىن ئەپۇ سورايمەن.

سەنمۇ ئەگەر چىن دىلىڭدىن سۆيمسەڭ،
رەشك تۇتۇپ مۇنچىۋالا كۆيمەستىڭ.
كەلگىن جېنىم، ئۇچۇپ كەتسۇن بۇلۇتلار،
چىدالماسمەن مەنمۇ سىنى سۆيمەستىن...

1987 ـ يىل 27 ـ ئاپرېل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# گۈلنىھال

«خۇشال ئىدىڭ،
غەمسىز، شاد ئىدىڭ،
كۆز تەگكەندەك دەرد كەلدى قاچان؟
كۈلۈپ چىققان ئىدىڭ كوچىغا،
قايتىپ كىردىڭ ئەجەب خىيالچان.
ئېيتقىن شائىر، چاقماق چۈشتىمۇ،
قوزغالدىمۇ يا كونا ياراڭ؟»
سۆزلىمەڭلار، ئولاشماڭلارچۇ،
خىيالىمغا سالماڭلار پىشاڭ.
ئارامىمغا قويۇڭلار مېنى،
خىيالىمغا قويۇڭلار مېنى،
خۇشياقمايدۇ ماڭا ھېچ پاراڭ.
ئۆتۈپ كەتتى ئۇ،
ئۆتۈپ كەتتى ھازىر كوچىدا.
ماڭا قاراپ كۆز قۇيرۇقىدا،
كېتىپ قالدى ئاستا ۋە تەمكىن.
تەلمۈردۈمەن،
تەلمۈردۈم ئۇزاق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆز ئوڭۇمدا ئۇنىڭ سۈرىتى،
ئۆزى يوقتۇر يېنىمدا لېكىن.
ئاھ، گۈلنىھال، گۈلنىھال!
تۇنجى سۆيگەن يارىم ئۇ مېنىڭ.
ئۇ ئەمدى ئانا،
ئىناق ئائىلىدە خۇشال، بەختىيار.
مەن ئەمدى ئۇنى سۆيەلمەيمەن،
مۇڭدىشالمايمەن،
سەيلە قىلىپ خۇشال كۈلەلمەيمەن،
يوق ئەمدى ماڭا ئامال،
ئاھ، گۈلنىھال، گۈلنىھال!
پەقەت كۈيلەيمەن
ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببىتىمنى،
ئازابىمنى، دەردىمنى
سۈرۈپ لەززەت ئارىلاش خىيال.
بىلمىدىم مەن ئۇنىڭ قەدرىنى،
بىلمىگەندەك كېيىنەك بىر گۈل قەدرىنى،
ياشلىق ـ بەڭۋاشلىقىمدىن.
ھەي، ئەمدى،
ئۇلاشماڭلارچۇ بىر پەس،
سۈرۈۋالاي تۇنجى سۆيگۈ خىيالىنى،
مەن ئەمدى كىمگە قويىمەن سوئال!؟

ئاھ گۈلنىھال، گۈلنىھال!
توختاڭلار بىر پەس،
ياشلىقىمغا قايتىۋالاي مەن،
ئۈنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋالاي،
مۇڭدىشىۋالاي...
ياتاق،
ئاق ئۆستەڭ بويى،
كۆك چىمەن...
بۇ يەردە ئولتۇرغان گۈلنىھال.
باھاردەك ھۆسنۇڭگە مەن قانداق قاناي...
ھەي،
چاقماق چۈشسە مۇنچە قىينالماس ئىدىم.
تۆكۈلۈپ بولدى ئەمدى ئۆرۈكۈم،
تىلىم ـ تىلىم بولدى يۈرىكىم.
مەن نە قىلاي، نە قىلاي!
مەن ئەمدى كىمگە قويىمەن سوئال،
ئاھ، گۈلنىھال، گۈلنىھال!

1987 ـ يىل 8 ـ ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

## قانداق قىلاي بۇ يۈرىكىمنى

قانداق قىلاي بۇ يۈرىكىمنى،
دائىم ماڭا تېپىپ بېرەر دەرد.
قانداق قىلاي بۇ يۈرىكىمنى،
ئارامىمغا قويمايدۇ پەقەت.

تۇرمۇش دەردى، خۇشاللىق، كۆز ياش
قىلالمايدۇ ئۇنى ئانچە رام.
لېكىن، ئۇچراشقاندا قەلەمقاش،
ئۆز ئەركىنى يوقىتار تامام.

تېپىرلايدۇ گۈزەل قولىدا
تورغا چۈشكەن قۇشتەك بى دەرمان.
ئەقىل ئۇنى قۇتقۇزار، لېكىن
ئۆزگىلەردىن دەرد تاپار ھامان.

پارچىلانماس يۈرەك دېيىشەر،
پارچىلاندى ئەجەب يۈرىكىم.
رەھىم قىلماس ئاشۇ گۈزەللەر
تاسما قىلىپ تىلدى مىڭ تىلىم.

ماڭا قالدى پەقەت دەرد ــ ئەلەم،
شېرىن خىيال مېنى ئالدىغان.
يۈرەك شۇنداق يارالغانمىكىن،
گۈزەللەردىن دەرد ئالدىغان!

«قانداق قىلاي سەن يۈرىكىمنى،
دائىم ماڭا تاپارسەنكەن دەرد.»
دېسەم، كور قىل، دېدى، كۆزۈڭنى،
قۇلىقىڭمۇ پاك بولسۇن پەقەت.

1987 ــ يىل 26 ــ ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئاۋغۇست ئاخشىمى

سەن نەگە مۆكۈندۈڭ گۈزەل دىلبىرىم،
بۇ ئاۋغۇست ئاخشىمىنىڭ كۆكۈللۈك چېغى؟
سۈزۈلگەن كۆل يۈزىدە دولقۇن بىتىنىم،
دالادىن ئېسەر مېۋە، گۈللەر پۇرىقى.
كۈندۈزى ناخشىدۇر،
تۈن شېئىرىيەت،
ئافرودىت① كېزىدۇ دالالار ئارا.
نېمىدۇر كۈتىدۇ سىرلىق تەبىئەت،
كۈتكەندەك مەن سېنى ئىنتىزار تەنها.
ياشاش ئىستىكىدە يانار مەۋجۇدات،
تۈندىمۇ ئېتىزدا مايسا تارتقاي بوي.
گاھ غەيرىي ئاۋازلار،
جىمجىت، سۈكۈنات،
كۆكۈلگە كېلەر ئەجەب شېرىن خىيال ـ ئوي...
نەدىسەن؟
كۆلدىكى ئاي شولىسىنى
تاماشا قىپ بۇندا تۇرامسەن يالغۇز.

---

① ئافرودىت — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى.

كىمدۇر ئېيتار مۇڭلۇق ناخشىسىنى،
كۈتكەندەك زارىقىپ باھارنى ياپيۇز.
مۇھەببەت،
ئوي ـ خىيال ئەجەب ھەمنەپەس،
خىيالدىن خالىي دۇنيا بارمىدۇ زادى.
مەجنۇنتال، پىچىرلىما يارغا بۇ نەپەس،
بار بەلكى كۆڭلىدە سۆيگۈ ئازابى.
ياپيېشىل قوناقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
قورقمىغىن، ئۇ يەردە شامال ئەركىلەر.
كۆڭلۈك مەيۇسمۇ يا پەسىل ئۆرۈلۈشىدىن،
كۈز كەلدى،
ئۆمۈرگىمۇ شۇنداق كۈز كېلەر.
نە ئامال، كەل، ئاۋغۇست ئاخشىمى بىزگە
سۆيگۈ ناخشىسىنى كۈيلەپ بېرىدۇ.
بۇدۇنە سەمرىپتۇ بېدىلىكلەردە،
ئېتىزدا بەرىكەتلىك ھايات كۈلىدۇ.
قارىغىن، ئاۋۇ كىم؟
قىزىل ياغلىقى
زەڭگەر زىغىرلىقنى ياقىلاپ ئۆتتى.
ناخشىمۇ توختىدى،
بۇ ئەجەب ـ ئەجەب،
ئۇ قىزمۇ ئۇ يەردە كىمنىدۇ كۈتتى...

1987 ـ يىل ئاۋغۇست

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇھەببەت كۆلەڭگىلىرى

## ياز خاتىرىسى

بىز ئايرىلىمىز،
ئايرىلىش يېقىن،
كۈنلەر ئۆزۈلمەكتە ھەپتە ــ ئايلارغا.
ھايات دولقۇنى
رەھىمسىز ئېقىن،
تاشلايدۇ بىزلەرنى قايسى جايلارغا!؟
مەيلى ئايرىلايلى،
بىللە بولايلى،
بەربىر ئۈزۈلمەيدۇ دوستلۇق رىشتىسى.
يۈرىكىم قاتلىرىدا ساقلىنىپ قالغان
ھېلىمۇ شۇ گۈزەل ياز خاتىرىسى...
ياز ئىدىغۇ
تەبىئەت كۈلگەن،
گۈزەللىككە چۈمۈلگەن باغلار.
ياشلىق،
دوستلۇقنىڭ زوقىنى سۈرگەن،

ئۇنتۇلماس ئۇ
شېرىندەك چاغلار.
ھېلىمۇ ئېسىمدە،
بىزنىڭ دەسلەپكى
ئاشۇ باغدا تونۇشقىنىمىز.
بىردەم ياتسىراپ،
بىردەمدىن كېيىن
كونا دوستلاردەك مۇڭداشقىنىمىز.
ئۆستەڭ بويى،
كۆك بېدە،
چىمەن،
چۈشتۇق رەسمگە يېقىن، يانمۇ يان.
دولقۇنلاپ ئاقاتتى ئاق ئۆستەڭ سۈيى،
كۆڭۈلدە دولقۇنلايتتى دوستلۇق،
ھاياجان...
باغقا كىردۇق،
قاتار ئۆرۈكزار،
شاخقا چىقىپ، ئۆرۈك ئىرغىتىپ،
پىششىقىنى تالالاپ يېيىشتۇق،
غورىسىنى چالما ئېتىشىپ.
ناخشا ئېيتىپ،
گارمون چېلىشىپ،
پاتقان چاغدا قۇياش قىزىرىپ،
قايتقان ئىدۇق ئاشۇ سەيلىدىن

چىن، سەممىي دوستلۇقنى ئېلىپ.
قىزىق ئىدى،
كۆڭۈللۈك ئىدى
يازنىڭ گۈزەل ئاشۇ كۈنلىرى.
بەزەن ئويلاپ ئويغا پاتىمەن،
چەكسىز ئاسمان يۇلتۇزغا تولغان،
قىشنىڭ تىنىق، ئايدىڭ تۈنلىرى...
تەقدىر
كۈلدۈرىدىكەن،
يىغلىتىكەن،
بىراق،
ئىنسان كۆڭلىدىن ئۆچمەسكەن ئارمان.
يەنە ئۇچراشتۇق،
سۆيۈشتۇق، لېكىن
سۆيگۈ ياپرىقىغا قوندى چاڭ ـ توزان...
سارغىيىدۇ ئۇ كۈن ۋە كېچە،
ئېغىر، يات بىلەن سەن پىچىرلاشساڭ.
ئىنسان كۆڭلىدىن ئۆچمەسكەن ئارمان،
ئېغىر، يات بىلەن سەن پىچىرلاشساڭ!...

1967 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## داۋاسىز ھەسرەت

*يىغلىسام دۇشمەن كۈلەدۇر،*
*ئىچىمگە ئورنىغان پىغان.*
— خەلق قوشىقى

«دىلبىرىم، ئالدىمدا ئاچتىڭ سىرىڭنى،
قايغۇڭغا ئورتاق بوپ تىڭشىدىم ئۇزاق.
سۆرتمىگىن يېشىڭنى، سۆرتمە يېشىڭنى،
تۆگىسۇن ئېقىپ ئۇ ھەسرەتلىك بۇلاق،
قەلبىڭدىن قەلبىمگە تۆكۈپ دەرد ـ پىراق.»
«كۆرمىدىم مۇھەببەت، ياشلىق بەختىنى،
تۇتقۇندا ئۆتكەندەك ئۆتتى كۈنلىرىم.
بۇلبۇلغا قەدىرلىك باغۇ گۈلچىمەن،
قەدىرسىز سارغايدى، سولدى گۈللىرىم،
نە لەززەت، بوغۇلدى ئەمدى ئۈنلىرىم...
باللار بار ئەمدى،
ئايرىلىش قىيىن،
تىلەيمەن شۇ سەبىيلەر بەختىگە نىجات.
ئۆز ئۆيۈم بولسىمۇ ئەمەسمەن ئەركىن،
قەلبىمدە داغ، ھەسرەت، قەلبىمدە پەرياد...

ئويلايمەن، ئويلايمەن، ئويلىرىم تەگسىز،
تۈن بويى كۆز يۇمماي ياستۇقنى يۆلەپ.
نېمىشقا ئېپ كەتتىڭ ئارام ـ كۆڭلۈمنى،
نېمىشقا سۆيگۈڭگە قىلدىڭ ئىنتىزار؟!
يوق ئەمدى مېنىڭدە ئامال، ئىختىيار!
مۇھەببەت!
سەن نەدىن تۆرەلگەن بالا،
يىغاندا ئەيلىدىڭ دىلىمنى يارا.
ئۇخلىغان سەزگۈمنى ئويغاتتىڭ نېچۈن،
ئۇچۇپلا كەتسەمچۇ قانىتىم بولسا،
سەن بىلەن ياشىسام تاغۇ دەشت ئارا.
نېمىشقا كېتىسەن سۆيگۈنۈم ئەمدى،
سۆيۈشمۇ مەن ئۈچۈن بولامدۇ گۇناھ؟!»
«باللار!...»
«باللار، ئاھ باللار، ئائىلەم مېنىڭ،
ئاھ، يەنە مەن تەنها، سۆيگۈدىن جۇدا،
بۇ ئوتتىن قۇتقۇزغىن، قۇتقۇز ئەي خۇدا!
كەت مەيلى،
سورىما كەچۈرمىشىمنى،
نە هاجەت، هاياتمەن بۇ دۇنياغا يات.
بەختلىك ياشلارنى كۆرسەم تەقدىرى
بولمىسۇن مېنىڭدەك دەيمەن ئۆمۈربات،
قەلبىمدە داغ، هەسرەت، قەلبىمدە پەرياد...»

1978 ـ ، 1987 ـ يىللار

## گۈل پۇرايدۇ قوش يۈرەك

بىر كۆرگەندە ئاھ ئۇرۇپ بولما ئاشىق مەستانە،
سۆيگۈ دېگەن قەھرىتان، سۆيگۈ دېگەن نەۋ باھار.
تۆكۈلمىسۇن مەزگىلسىز گۈل بېغىدىن ياپراقلار،
ئالدىرىمىغىن سەيلىگە چېچەك پەسلى دوقال بار.

ۋاقىت ئۆزى سىنايدۇ مۇھەببەتنى، ۋاپانى،
مۇھەببەتنىڭ لەززىتى سېغىنغاندا، كۈتكەندە.
مۇھەببەتنىڭ ئەھلى بول، ئەقىدەڭگە ۋاپادار،
گۈل پۇرايدۇ قوش يۈرەك ۋىسالىغا يەتكەندە.

2001 ــ يىل ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كۆز ئاچتى جۇڭغار مۇھەببىتى

كۆرمىسەممۇ مەيلى قاراماي ئىچىنى،
تونۇش ماڭا شەھەر، بىنا، چىراغلار.
كۆرسىتىڭلار ئىچ ـ قارنىنى جۇڭغارنىڭ،
قەيەردە ئۇ ھاياتبەخش بۇلاقلار؟

قەيەردە ئۇ سىلىم بوۋاي كەپىسى؟
بارمۇ ھازىر ماي توشۇغان قاپاقلار؟
چۆللەر ئارا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇلانلار،
ئېيتىپ بېرىڭ، ماڭا قەدىم قوشاقلار.

ئۇ ساماۋى قوشاقلاردا ھېكمەت بار،
بوران چىقسا ئۇشقىتارمىش ئالۋاستى.
بۇ يەرلەردە يېشىلمىگەن قىسمەت بار،
دېڭىزمىدۇ، دەريامىدۇ يەر ئاستى؟

كونا كەپە توپىسىدىن بېرىڭلار،
ئەما بولغان كۆزلىرىمگە سۈرتەيمەن.
بورانلاردا قانات قاققان چېدىرنىڭ
پارچىسىنى يۈرتۇمغا ئېپ كېتەيمەن.

قەدىم جۇڭغار، يېڭى جۇڭغار ئۆز ئانام،
سىرىڭنى ئېيت، ئېيتاي ئەلگە ناخشا قىپ.
بورىنىنى كۆرەي دەشتى ـ ياۋانىنىڭ،
قۇيۇنلارنى ئويناتقىنىنى سېھىر قىپ.

يوللىرىڭدىن تالاي قېتىم ئۆتكەنمەن،
كەچمىشىڭنى ئويلاپ، پېتىپ خىيالغا.
يۇلغۇنلاردىن گۈزەللىكنىڭ سورىسام،
تاشلاپ قويغان مېنى قاقاس ئارالغا...

كەچۈر مېنى دەشتى ـ ياۋان، چۆل دالا،
شېئىرىيەت، سۆيگۈ تۇغقان ماكانسەن.
ماي بۇلاقلار، سېلىپ قويدۇڭ بىر ئوتقا،
ھەر تامچاڭنىڭ ئىشقىدا مىڭ يانارمەن!

1987 ـ يىل ئۆكتەبىر، قاراماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇرمۇش

پاك ياشاشنى ئىستەيسەن، لېكىن
دۇنيادا پاك ياشماق قىيىن.
سەبىيلىكتە ياشايسەن گۈلدەك،
ناپاكلىققا چۆكسەن كېيىن.

ئارزۇ، غايەڭ، خىيالىڭ گۈزەل،
ئەمما تۇرمۇش ئەمەس ۋاپادار.
ئۈمىد كەلگەن چېغىدا ھاڭغا،
قەلبىڭ قانداق چىقىرار قارار!؟

پاك سېزىمىڭ يوقىلار بەلكى،
تەمترەرسەن بىقىپ ھەر يانغا.
باشقىلارغا باقساڭ ئۆزگىچە،
كۈلۈپ باقار ئۇلار جاھانغا.

نېمە سىر بار بۇ يەردە ئېيتقىن،
ئەي تەقدىرنىڭ سىرلىق ئىلاھى؟
يار ئاستىدا ئاقار لاتقا سۇ،
بۇ تۇرمۇشنىڭ ساغا گۇۋاھى.

باللىقتەك سەبي پاك ئىدى
بۇلاقلارنىڭ بوۋاق تامچىسى.
ئايلانغاندا دەرياغا ئۇلار،
ئۇندا تۇرلۇك قىسمەت ـ بارچىسى.

شۇ دەريادەك ئاقار كۆۋەجەپ،
هايات دولقۇنى سېنى ئىنتىرىپ.
ئىنتىلىسەن ساھىلغا، بىراق
دولقۇن يەنە كېتەر ئېقىتىپ...

دولقۇن سېنى چىقرار نەدىن،
تاشلاپ كېتەر قايسى ساھىلغا؟
يېڭى چاپان كىيسەن بەلكىم،
چىقىپ قالساڭ يېڭى ئارالغا.

خۇشامەتچى ئەمەستىڭ مانا،
زەردە قىلار باشلىقچە تىللاش.
ئۆگىنىپ قوي ئۇنىمۇ بىر كۈن،
كۈن چۇشكەندە ئەسقاتار يولداش.

ناھەق ئىشقا چىدالماس ئىدىڭ،
ناھەقلىققە قالدىڭ ئاقۋەت.
ئادىللىققا يەتمەكچى ئىدىڭ،
ئېرىشكىنىڭ خىيانەت، تۆھمەت.

زارلىنىدۇ، قاقشايدۇ دائىم
قەلبىڭ ئارا نومۇس ۋە پەسلىك.
ئەتراپىڭغا باقساڭ ئۆزگىچە،
يۈرىكىڭدە ئەلەم ۋە غەشلىك.

قېنى ئەمدى تاللا بىرىنى،
سەن قايسىغا تۇرسەن يېقىن؟
خۇشامەتنىڭ باردۇر كاتتىسى،
سەزدۇرمەيدۇ كىشىگە لېكىن.

كىتابلاردىن روھىڭ پاكلىنار،
چىن مۇھەببەت يانار لاۋۇلداپ.
لېكىن، شۇ تاپ ئاشىق ـ سۆيگۈنىڭ
ئۆزگىلەرگە تىكىلەر قاراپ.

قېنى سەبىي پاك مۇھەببىتىڭ،
ئالداندىڭغۇ،
ئالدار بۇ دۇنيا.
ئالدامچىغا نەپرەتلىك ئىدىڭ،
ئالداشنىمۇ ئۆگەندىڭ ئاستا.

پاك سېزىمىڭ ئويغىنار تۇندە،
دېرىزىدىن ئاي نۇرى چۈشەر.
پاك نۇرلارغا بۆلىنەر جىسمىڭ،
ئويغىنىسەن، باشقىچە سەھەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

قەدىمكىنى باسسەن ئاستا،
ئوك ـ سولۇڭغا، ئالدىڭغا بىقىپ.
كىملەرگىدۇ ھەسەت قىلسەن،
كىملەرگىدۇ پىشكىنى قىقىپ.

ئېيت، ھەسەتنى يۇقتۇردۇڭ قاچان؟
بېرەلمەيسەن بۇنىڭغا جاۋاب.
پاكلىقىڭنى، سەبىيلىكىڭنى
بولغىنىنى بۇ تۇرمۇش بۇلغاپ...

قايتساڭ ئىدىڭ، قايتساڭ ئىدىڭ ئاھ،
قەدىرلىكىم، سەبىيلىكىڭگە،
شان ـ شۆھرەتنى، ئالتۇننى تاشلاپ.
قايتساڭ ئىدىڭ مېنىڭ قەلبىمگە،
پاكلىقىڭدىن تاپساڭدىڭ نىجات،
قايتساڭ ئىدىڭ مېنىڭ قەلبىمگە!

1987 ـ يىل نويابىر

## يىغلىۋالغىن بىر تويۇن - بىر كېچە

تەقدىر سېنى ئەجەب يەكلىدى،
يېتىم قالدىڭ، كۆرمىدىڭ خوشلۇق.
سۆيگىنىڭمۇ سەندىن چەتنىدى،
يۈرىكىڭدە ئەلەم ۋە خورلۇق.

سىلىمايدۇ بېشىڭنى ئاناڭ،
ئۆز پارىسى ئەمەس، ئۆگەيسەن.
مۇڭدىشىڭمۇ، سىردىشىڭمۇ يوق،
شۇ ھالىڭنى كىمگە دېگەيسەن.

كېچە جىمجىت، تاڭ ئاتماق قىيىن،
قەيەردىدۇ كىتىرلار چاشقان.
دېرىزىدە خىرە ئاي نۇرى،
ئولتۇرىسەن غەمكىن، خىيالچان.

ئۆچۈپ قالغان مەشىنىڭ ئوتىمۇ،
قېرىشقاندەك ئۇ گەدەر تەبىئەت.
توگەپ قالدى ئۆيىنىڭ ئىسىمۇ،
ساڭا ھەمراھ خىياللار پەقەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

ئۇخلىمايسەن نېمىشقا دىلدار،
خىيالىڭغا كىردىمۇ ئاناڭ؟
مىسكىن ئىدىڭ قىز چېغىڭدىمۇ،
جىمجىت ئۇخلار يېنىڭدا بالاڭ.

ئىچ ـ ئىچىڭدىن ئۆرلەيدۇ يىغا،
يىغلىۋالغىن، كۆرمەيدۇ ھېچكىم.
سەن يىغلايسەن، لېكىن شۇ تاپتا
ئۆزگە گۈلنى پۇرايدۇ ئېرىڭ.

ئۇنىڭ ئاچچىق يالدامىسىنى
باغرىڭغا چىڭ بېسىپ يىغلىۋال.
لېكىن، دەردلىك كۆز ياشلىرىڭنى
سەزمىسۇن ئۇ، يوشۇرغىن دەرھال.

مەسۇم قەلبى بولمىسۇن يارا،
ئاتىسىنى كۆرمىسىمۇ ھەم.
شۇنداق ئىكەن، شۇنداقكەن دۇنيا،
يېتىملىكنىڭ ئاڭا قالدى ھەم.

پاك ياشاشنى ئىستىگەن ئىدىڭ،
تەقدىرىڭگە كۈلدى بۇ دۇنيا.
چىن مۇھەببەت ئىستىگەن ئىدىڭ،
مەسۇم قەلبىڭ تاپتى دەرد ـ يارا...

نېمە گۇناھ قىلدىڭ مۇنچىلىك،
ئۆزۈڭ سۆيدۈڭ، ئۆزۈڭ تاللىدىڭ.
ياشلىقىڭنى بەردىڭ قولىغا،
دۇشكەلەشنى ئېغىر ئالمىدىڭ.

قېنى ئەمدى يالغانچى ئەرنى
جازالاشقا كىم بېرەر پەرمان؟
بىلمىدى ئۇ ئەجەب قەدرىڭنى،
يوق ئۇنىڭدا مۇھەببەت، ۋىجدان!

*

يىغلىۋالغىن بۇ تۈن ـ بۇ كېچە،
يىغلىۋالغىن كۆرمەيدۇ ھېچكىم.
دېرىزىدىن قارىغان ئاي ــــ مەن،
خىرە قىلار نۇرۇمنى يېشىڭ.

تەقدىر سېنى ئەجەب يەكلىدى،
بۇ دەردىڭگە كىم تاپار داۋا.
يۈرىكىمنى مەن بېرەي دېسەم،
يۈرەك ـ باغرىم مېنىڭمۇ يارا.

پەقەت مۇڭلۇق شېئىرىم بىلەن
بېرەلەيمەن ساڭا تەسەللى.
دەردى يوقلار ھەر نېمە دېسۇن،
كۆڭلۈڭ ئارام تاپسىلا مەيلى!

1987 ـ يىل نويابىر

# ئانا شەھىرىم

سەن يەتمەيسەن
ئىستانبولنىڭ بىر كوچىسىغا،
نيۇ يوركنىڭ بىر دوقمۇشىغا.
سەن يەتمەيسەن
بېيجىڭنىڭ بىر باغچىسىغا،
موسكۋانىڭ بىر يانپىشىغا!
سېنىڭ
زامانىۋى قىشلاقلاردىن بار نېمە پەرقىڭ،
ئەي ئانا شەھىرىم!
لېكىن، شۇنداقتىمۇ
كېچەلمەيمەن يەنە سېنىڭدىن.
گۇگۇم، خىلۋەت مەھەللىلىرىڭدە،
چاڭ ـ توزان، لاي كوچىلىرىڭدا،
يامغۇر ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ
تامچىلىرىدا...
ئاقىدۇ قەلبىم،
ئەي ئانا شەھىرىم،
ئانا شەھىرىم!

1987 ـ يىل 6 ـ نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يۈز يىلدىن كېيىنكى كىتابخانىغا

بۇ دەريا
ئاقاتتى شەھەر سىرتىدا،
ئۇ يېقىنى ئاتايتتى «چاپچال» دەپ.
سەن ئولتۇرغان
بۇ ئېلېكترونلۇق ئۆي ئورنىدا
بار ئىدى بىر بوۋاينىڭ ئۆيى،
قالغان چۆلدەرەپ،
تاملىرى قار ـ يامغۇردا كەتكەن ئېزىلىپ.
بوۋاي،
ساناتورىيىگە كەتكەن
پاناھلىق ئىزدەپ...

1987 ـ يىل نويابىر

# يارالدىم مىليونغا ھەمراھ ۋە لېكىن...

ئەزەلدىن قېنىمغا خۇشامەت يىراق،
قېنىم پاك، سۇتۇم ئاق يارىتىلىك مېنى.
ھۆرمەت بەر، شۆھرەت بەر، دۇنيا بەر،
بىراق،
ئىنسانغا يالۋۇرتما، يالۋۇرتما مېنى.

يارىتىلىك مېنى يەر — ئۇلۇغ مۇرەببىم،
بىر ساڭا يالۋۇرىمەن قىلىپ ئىلتىجا.
يىغلىسام تامدۇ ساڭا كۆز يېشىم،
دەردىمگە ھەمنەپەس، ئۆزۈڭ باشپاناھ.

يارالدىم مىليونغا ھەمراھ ۋە لېكىن،
ھاياتتا بىر ئۆزۈم يېگانە ـ تەنھا.
تۇرمۇش لەشكىرى بىلەن ئېلىشتىم تەمكىن،
يالۋۇرۇش ـ يېلىنىشتىن بولۇپ مۇستەسنا.

هەر زامان سالىمەن ۋاقتقا سىرتماق،
ئۆز ئەجرىم تەختىدە ئۆزۈم پادىشاھ.
كۆرۈنەر بۇ دۇنيا شۇڭا گۈلسىياق،
ئادەملەر تۇمەن خىل ئەجەب تاماشا.

1988 ـ يىل 20 ـ نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆزۈممۇ مەست، شېئىرىممۇ مەست

ئۆزۈممۇ مەست، شېئىرىممۇ مەست،
ئەجەب ئوڭاي مەست قىلدىڭ مېنى.
كۆزلىرىمنى مەست قىلدىڭ دەسلەپ،
كېيىن قاچتى رەڭگىمنىڭ قېنى.

ئىچمىسەممۇ بىر يۇتۇم شاراب،
ۋۇجۇدۇمغا تارالدى بىر ئوت.
مېڭىشىمنى ئۇنۇتتۇم قاراپ،
يۈرىكىمنى يېدى بىر قۇرت.

مەست بولغاچقا ئېيتقان ناخشامۇ
مەست بوپ قالدى لەيلەپ ھاۋادا.
خىيالىمدا كۈندۈز ـ ئاخشامۇ
مەست كۆرۈنەر ھەممە جاھاندا.

مەستلىكىمنى بىلسەڭ ئەمدى،
يېشىلمەن ئېيتقىنا قانداق؟
قىناۋەرسەڭ مەستلىكتە مېنى،
كۆز يېشىمدىن مەست بولار تۇپراق...

1989 ـ يىل 25 ـ يانۋار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# بىر كېچە ـ مىڭ بىر كېچە

(شېئىر ياغقان بىر كېچە)

## شۇرلايدۇ ياپراقلار ئاستا

مەن قايغۇمنى ئېيتتىم يۇلتۇزغا،
جىمىرلىدى، بەرمىدى ئىدا.
مەن قايغۇمنى ئېيتتىم باھارغا،
پىچىرلىدى، كەلمىدى سادا.
ئېلىپ كەتتى ھەسرەتلىرىمنى
شاماللارنىڭ قانتى ئۇزاق.
كېزىپ يۈرەر سەھرا ـ قىرلارنى،
كۆزلەكلەردە قوزغاپ دەرد ـ پىراق!
مەن قايغۇمنى تاشلاپ دېڭىزغا،
ئارام ئالغان ئىدىم بىر زامان.
قوناقلىقتا تاشلانغان ئىزغا
قۇم كۆچۈرۈپ ئەتمىشتۇر بوران.
شۇرلايدۇ ياپراقلار ئاستا،
مەن قايغۇمنى باشلىغان زامان...

## خىيال

خىيالىمغا چىرماشقان دۇنيا،
ۋە ئادەملەر كۆڭگا، دۇرسمان.
گاھى يارقىن، ئەجەب نۇر ـ زىيا،
ۋە تەبەسسۇم، خۇشبۇي گۈلسمان.
مەن بۇرالدىم خىيالدىن ئاستا،
قانىمغاندەك ئۇيقۇغا گۆدەك.
خىيالىمدا تاپقان ئۇ دۇنيا
چۈشلىرىمدە كۆرۈنەر گۈلدەك...

## ۋىجدانى يوق ئادەملەر تىرىك

مەن ئەركىڭنى ئۆزۈڭگە بەردىم،
چىچەكلەردىن ناخشا تىرىۋال.
گەر خالىساڭ يىراققا كەتكىن،
يا ئۆزگىگە بول ساھىبجامال.
پەقەت ئۇنۇت ئاچچىق ھىجراننى،
قايغۇمغا ھەم بولمىغىن شېرىك.
كۈيلەۋەردىم سادىق ۋىجداننى،
ۋىجدانى يوق ئادەملەر تىرىك!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئاي يىغلىدى...

ئاي يىغلىدى، كۆز ياشلىرىدىن
مارجان ئېسىپ كەتتى يولىغا.
ئۇنىڭ مۇڭلۇق قاراشلىرىدىن،
يىگىت باقار ئوڭ ۋە سولىغا.
سۇۋادانلىق شۇ خىلۋەت كوچا،
ۋە خىرەدۇر ئاي شولىسى ھەم.
شىپ ـ شىپ باسقان قەدەملەر ئاستا
ئۇزاقلاشتى،
كىم خۇشال بۇ دەم؟!

## تەقدىر سېنى ماڭا بەرگەنتى

تەقدىر سېنى ماڭا بەرگەنتى،
قاچان كەتتىڭ ئۇنسىز ـ تىۋىشسىز؟
تەنھالىقتا يادىمغا يەتتى،
يېتىپتىمەن بۇ يەردە ھوشسىز.
قۇلىقىمدا نازۇك پىچىرلاش،
تۇن قوينىدا، خىيال قوينىدا.
سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭنى ئاڭلاش
ئارام بېرەر ماڭا جاھاندا!

# جىمجىتلىقتا كۈچ ۋە مۇھەببەت

خىلۋەتتە بار بىر ئىلاھىي روھ،
ئەنە سىرلىق ئىلاھىي كۈلەر.
جىمجىتلىقتا كۈچ ۋە مۇھەببەت!
سۈكۈناتنى قەلبىمگە سالدىم،
قەلبىم كۈلەر، ئىدرىكىم كۈلەر،
جىمجىتلىقتا كۈچ ۋە مۇھەببەت!

1989 ـ يىل 8 ـ مارت، كېچە

## رەڭدار زەررىلەر

### يالغان ئېيتماس تەبئەت پەقەت

يالغان ئېيتماس تەبئەت پەقەت،
نۆۋىتىدە كېلەر باھار، كۈز.
يالغان ئېيتار ئادەملەر پەقەت،
بىر ـ بىرىگە قاراپ يۈزمۇ يۈز.

### يېشىلمىدى بۇ سىرلار تېخى

يېشىلمىدى بۇ سىرلار تېخى،
قانداق تاپار ئىنىنى قۇشلار.
ئۆرۈلمىدى بۇ تىللار تېخى،
شاخلار ئارا شوخ پىچىرلاشلار.

دېرىزەمنى ئاچقانىتىم سەھەر،
بىر قارىغۇجا ناخشا سورىدى.
ناخشا ئېيتتىم، بۇ ئەجەب ـ ئەجەب،
قارىغۇجىمۇ تەڭلا دورىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## سىر

نېمە مۇنچە قارايسەن ئاڭا،
تونۇشۇڭمۇ، مۇڭدىشىڭمۇ ئۇ؟
كۆيگەنمىدىڭ ياشلىق چېغىڭدا،
قالغانمىدى سىرلىق بىر تۇيغۇ؟

ئېتىبارسىز مەغرۇر قەدەملەر
كۆزلىرىڭنى ئەيلەر پەرىشان.
تىكىلىدۇ ساڭا ئادەملەر،
نېچۇن بۇنى سەزمەيسەن جانان؟!

يۈزلىرىڭدە ياندۇ ئاپتاپ،
زوقلىنىدۇ ساڭا ھەر كىشى.
قېنى جاھىل غۇرۇرۇڭ جانان،
ئەس ـ يادىڭدا پەقەت شۇ كىشى.

ئالدىڭدا ئۇ، سەن ياندىن ئاستا
تىكىلىسەن ئاڭا ئىنتىزار.
ياشلىقتىكى تۇنجى سۆيۈشنىڭ
ئۇنتۇلمايدۇ لەززىتى زىنھار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## رەنجىتمەڭلار ئۇنى بىھۇدە

رەنجىتمەڭلار ئۇنى بىھۇدە،
ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.
بالا ئۇچۇن قەلبى سەكپارە،
يۈرىكىنى ھەسرەت تىلىدۇ.

ئايرىلدى ئۇ تۇنجى سۆيۈشتىن،
لەززەت بەرمەس ئەمدى تۈن ـ كېچە.
سۇ ئىچمىدى كۆڭلى تۇرمۇشتىن،
تاكى بۇدرۇق پەرزەنت تاپقۇچە.

بالا ئۇچۇن ئەمدى يۈرىكى
ئۆزگىلەرگە قويماس مۇھەببەت.
چۈشەنمىگەن قەلبلەر ئۇنى،
رەنجىتمەڭلار ئۇيغىتىپ نەپرەت.

مەيلى ئەمدى ئۆز بالىسىنىڭ
تەقدىرىگە بولسۇن ئۇ پاناھ.
ئەلچى بولۇپ ئۆيگە كىرگەننى،
قانداق كۇتۇشنى بىلەلمەس ئانا.

خىزمەت، خىيال ھەمراھتۇر ئاڭا،
تۇرمۇشدا بالا ئاۋۇنچۇق.
تەقدىرىگە كۆندۇرەر دۇنيا،
دۇنياغا ئۇ ئۆزى ئاۋۇنچۇق.

1987 ـ ، 1989 ـ يىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

# كۆك يۈزىدە بىر سىرلىق ئىلاھ

## 1

كۆك يۈزىدە بىر سىرلىق ئىلاھ
چاقىرىدۇ توختىماي ھامان.
مايسا ئاستا كۆتۈرمەكتە باش،
تومۇرىدا ئاقار يېڭى قان.

قۇياش نۇرى ئەمەس مەڭگۈلۈك،
مايسا ئۈچۈن پەقەت ئارىيەت.
ھايات ئۆزى بىرلا تەڭلىمە —
قۇدرەتلىكتۇر تەبىئەت پەقەت.

## 2

باھار! ئەسلىتىسەن باھار كۆڭۈلنى،
قەلبىمدە ئۇ باھاردەك دەملەر.
زىمىستان كۆڭۈلدىن دىللار بىزاردۇر،
ياشىسۇن كۆڭلى گۈل ـ باھار ئادەملەر!

3

يەنە قانچە باھار نېسىپ بولاركىن،
ئاھ باھار، ئىنسانغا چەكلىكسەن پەقەت.
كىم تۇنجى سۆيگۈسىدىن لەززەت ئالاركىن،
ھىجرىڭدىن كىم يىغلار، كىم تۆكەر ھەسرەت؟

1989 ـ يىل 24 ـ مارت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كىم بېرىدۇ بىزگە تەسەللى

(ئۇستاز، شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ۋاپاتىغا)

ماتەم كۈيى ئەمەس مەڭگۈلۈك،
پەسلەپ قالار يېشىمىزمۇ ھەم.
ئەمما، ھايات مەڭگۈ ئەل، يۈرەك،
قەلبىمىزگە تىكلەندى قەبرەڭ.

غۇۋالاشتى شېئىر ئاسمىنى،
چۈشكىنىدە قولۇڭدىن قەلەم.
بىلمىگەنلەر سېنى دەر خەندان،
يۈرىكىڭدە ئەمما دەرد ـ ئەلەم...

مىللىتىمنىڭ غۇرۇرى ئىدىڭ،
پەخرىمىزدىڭ جاھان ئالدىدا.
شېئىرىيەت يۇلتۇزى ئىدىڭ،
زەپ بىمەھەل كەلدى بۇ قازا!

ئاھ ئۇرماققا ئەمدى نەھاجەت،
كىم بېرىدۇ بىزگە تەسەللى؟
ئەجدادلارنىڭ روھى كۈچ ـ قۇۋۋەت،
قەدرىڭگە ۋارىس بۇ ئۇيغۇر نەسلى!

1989 ـ يىل فېۋرال

## ئەقىدە

تاشلاپ كەتتى يىگىتنى قىزچاق،
تاشلاپ كەتتى يىغلاپ ـ بوقۇلداپ:
«گۈلىگىز باركەن، ئالدامچىكەنسىز،
ئالداشقا يۈزىڭىز چىدىدى قانداق؟!»

ئېسەدەيدۇ، يىغلايدۇ دەرەخ،
يىغلاپ ئاقار ئېرىقتا سۇ ھەم.
ئۇدۇلدىكى ئېگىز پەشتاختا
مەزىن ئەزان ئېيتىدۇ بىغەم.

ئېسەدەيدۇ يىغلاپ ئەقىدە،
نالە قىلار تۇنجى مۇھەببەت.
مەزىن چىللار پەرىشتىلەرنى،
ئىنساپ بەرگىن ئادەملەرگە دەپ.

1990 ـ يىل 17 ـ فېۋرال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قوشنا ئەلدىن كۆي تۆكەر شائىر

## موسكۋا پورترېتى

تەقدىر مېنى ئۇزاق يۇرتۇمدىن
ئېلىپ كەلدى ساڭا، موسكۋا.
توختىنىغاندا پويىز سىلكىنىپ،
ياروسلاۋىسكىي ۋوگزالىدا،
ئالدىرىغان ئادەملەر توپى
سىڭىپ كەتتى قاراڭغۇلۇققا.
ئەتراپىمغا باقتىم، ئايلاندىم،
بالىلىقتا قالغان تەسەۋۋۇر،
ئۆزگەرمەكتە سېزىلمەي ئاستا.
قىزىل خىشلىق مەيدان، سېرىق تام،
ياش قارىغايلار روھلارنى يادلار.
«روسىيە»① نىڭ ئۆگزىسىدىن
تامچىلايدۇ ئېرىگەن قارلار.
سەيلە قىلار توپ ـ توپ ئادەملەر،

① «روسىيە» — كرېمىل مەيدانى يېنىدىكى چوڭ سودا سارايى.

فوتو ئاپپارات چىرىغىدا نۇر.
تاكسىلاردا خۇش كەيپ قىزچاق
يىگىتىگە بېرىدۇ ھوزۇر.
ئاق ياقىلىق پەلتولۇق گۈزەل
كىرىپ بارار مېتروغا① ئاستا.
ئىز باسمەن كەينىدىن شۇ دەم،
سۆزلەشمەككە ئۇ بىلەن تەنھا.
مېترودىكى گارمون ئاۋازى
جەلپ قىلار كۆڭلۈمنى ئەجەب.
قىسقا ساقال رۇس «كاتيوشا» نى
توپ ئىچىدىن ئېيتىدۇ كۈچەپ.
بوۋاي چۈشەر تانىسىغا بىردىن،
زىلۋا بويلۇق قىزنى قۇچاقلاپ.
رەڭلىك ژۇرنال مۇقاۋىسىدا
كۈلۈپ تۇرار يالىڭاچ قىزچاق...
قېنى گۈزەل؟

ئىزدەيمەن يەنە،
ھەيكەللەرگە قىلىپ ئېھتىرام.
ئۇ قەدىمىي تارىخ ئىزىدىن
موسكۋانى ئىزدەيمەن تامام.
تاش بىنانى كۆتۈرگەن ئاۋۇ
پالۋان ھەيكەل كىمدۇ ئېيتقىنا؟
بۆرتۈپ چىققان بۇلجۇڭ گۆشلىرى
بورلاكلارنى② ئەسلىتەر ماڭا.

---

① مېترو — يەر ئاستى تۆمۈر يولى.
② بورلاك — كېمە سۆرىگۈچىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ھەيكەلتىراش، ساڭا ئاپىرىن!
ئايان ئۇندا رۇس خاراكتېرى.
ئوت ئىچىدە كۆيگەن موسكۋا،
رۇس خەلقى ۋە ئۇلۇغ رۇس يېرى.
ھەيكەلتىراش، ساڭا ئاپىرىن!
موسكۋانىڭ سەنئىتى ئۆزۈك.
ئۇچلۇق ـ ئۇچلۇق مۇنارلىرىڭنىڭ
باش ـ ئۇچىغا يەتمەيدۇ كۆزۈم.
مەن ئىزدەيمەن رۇس گۈزىلىنى،
ۋۇجۇدىمدا بىر ئىزگۈ تۇيغۇ.
پەلتويۇمنىڭ ياقىسىدا قار،
ئەنە گۈزەل يولدا تۇرۇپتۇ.
كرېملىنىڭ سائەت ساداسى
تارتىپ كەتتى خىيالنى يىراق.
موسكۋانىڭ ئاشۇ ئاخشىمى
تاشلاپ كەتتىم گۈزەلنى، بىراق.
«قالغىن، —دېدى، — موسكۋا گۈزەل،
يازدا ئورمان كۆكچۈللۈك شۇنداق.
بۇندا بىللە كۈيلەيلى غەزەل،
سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەممىگە ئورتاق...»
«تىنىچ قويغىن، — دېدىم گالەگە،—
خىيالىمنى بۆلمىگىن ھەريان.
جاراڭ ـ جۇرۇڭ جازنىڭ كۈيىگە
كۆڭلۈم تارتماس، كۆڭلۈم پەرىشان.

كىرىپ قاپتۇ كېچە چۈشۈمگە
يىراقتىكى تۇغۇلغان ئېلىم.
تېلېفونمۇ بەرمىگەن گالە،
موسكۋاغا تارتمايدۇ دىلىم.
تەنھالىقتا خىيالغا سىرداش،
قالدى شەرقتە دىلدارىم ئۇماق.
شائىر يۇرسۇن مەيلى قەيەردە،
سېغىنىشتىن تۇغۇلار قوشاق...»

1991 ـ يىل يانۋار، موسكۋا

## رايا

رايا،① رايا، يىراق دىلكىشىم،
مېنىڭ قەلبىم بارارمۇ ساڭا،
كۆڭۈل سۆزلىرىم يېتەرمۇ ساڭا،
پىنھانىدى ئۇ چاغ دىل سىرىم.

ئاق ماھۇقتەك ئاق بىلىكىڭنى
تۇتقانلارغا دەيمەن «ئامىتىڭ!»
كۆز ئالدىمدا نازۇك قامىتىڭ،
كىم باسىدۇ يانغان كۆڭۈلنى!؟

① رايا — بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ روسچە ئەركىلەتمە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

كېچە مەستتۇر شېرىن سۆھبەتتىن،
ئاپئاق ئۆينىڭ شولىسى يارقىن.
ئۇيقۇڭ نېچۈن كەلمەيدۇ ئېيتقىن،
ياتالمايمەن بۇ دەم ھەسرەتتىن...

يېشەلمەيمەن كۆڭلۈمنى بىراق،
دولقۇنلىنار قەلبىمدە ھېسلار.
گۈزەل بۇندا ئاق قۇدەك قىزلار،
لېكىن، سەندەك يوق ماڭا ئوماق.

خۇش تەبەسسۇم، ئويناقى كۆزلەر،
ۋە خىيالدا سۇنۇلغان چاي ھەم.
يۈرىكىمگە بېرىدۇ مەلھەم
غۇنچە لەۋدىن تۆكۈلگەن سۆزلەر.

سۆيگۈم كۈلمەس يات ئەلدە بۇ دەم،
نېتەي، تۇيغۇم چېچەكتەك پارلاق.
ئۇنۇتتۇم دۇنيانى كۈلكەڭدىن ئوماق،
خىيالچان كۆزۈمدە سۆيگۈ مۇجەسسەم.

سايرايدۇ كۆڭۈلنىڭ نازۇك، مەست قۇشى،
تىنىشسىز ۋەلېكىن ئارام بەرمەس ھېچ.
خىلۋەت ئورماندا غۇنچە بىتىنچ،
شۇ دەم «سېغىندۇرار يۇرتىنىڭ چۈشنى.»

رايا، رايا، خيالىم شېرىن،
ئەمما يۇرت باغرىغا تارتماقتا مېنى.
ئېپ كېتەي يۇر بىللە خالىساڭ سېنى،
يىراق ئەمەس ئۆيۈم، كۆڭلۈمدەك يېقىن.

1991 ـ يىل فېۋرال، بېشكەك

## موسكۋادىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە

نوۋايا كوچىسى، رەڭدار بىنالار،
كوچىغا قارىغان ئاق پەردىلىك ئۆي.
تارغىنا ھۇجرىدا قىزىق سۆھبەتتە،
كۆڭلۈمدىن كېچىدۇ ئەجەب سىرلىق ئوي.
خۇش چاقچاق ساھىبخان تۇتىدۇ قەدەھ،
ۋە ئېيتار:
«يۇرتۇمنى ئۇنتالمىدىم ھېچ.»
سۆزلىرى ئۆزگىچە (رۇسچە ئارىلاش)،
سۆزلىگىن يۇرتنى دەپ قويماس ئۇ تىنچ.
سۆزئارا تەكچىدىن ئىككى گىردە نان
ئېپ ماڭا كۆرسەتتى، يۇرتۇمنىڭ بۇ دەپ.
قەشقەرنىڭ قاتقان ئۇ قىزىل گىردىسى،
تۇراتتى قەدىمي بازارنى سۆزلەپ.
شۇۋىرغانلىق ئاشۇ موسكۋا ئاخشىمى،
ئىچىشتۇق كونياكتا[1] ئۆچمىز باردەك!...

1991 ـ يىل يانۋار، موسكۋا

---

[1] كونياك ـــ ھاراقنىڭ بىر خىلى.

## «ھەسرەت بېغى»

ئەسكى جۇۋا[1] بازار يېنىدا،
قايچىلاشقان يوللار گىرە سىپ.
بازار ئارىلاپ چىقساڭ چوڭ يولغا،
«ھەسرەت بېغى» نى ئۆتىسەن كېسىپ.
كۆز ياشلاردىن ئېرىگەن قۇياش
تىترەپ تۇرار ئۇنىڭ ئۈستىدە.
يىراق يوللارنىڭ چېكى قېپقالغان
مۇساپىرلار ئاجىز كۆكسىدە.
كىم قويغاندۇ بۇ نامنى ساڭا:
«ھەسرەت بېغى ـ دەردمەنلەر بېغى».
كىملەر يىغلىغان دەرەخلەر ئارا،
ياپرىقىڭدا جۇدالىق دېغى.
جەم بولغاندا يۇرتداشلار بۇندا،
ئۇچۇپ كېلەر يۇرتنىڭ پۇرىقى.
تۈگىمەيدۇ دىل پىغانلىرى،
يول يىرىقى، يولنىڭ يىرىقى.
دەرەخلىرىڭ ئاسمان ـ پەلەكتە،
ئورۇندۇقتا سۆھبەت، سودا ھەم.
ئاشخانىدىن چىقار يارەنلەر،

---

[1] ئەسكى جۇۋا ــ تاشكەنتتىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان كونا بازارنىڭ نامى.

لەۋلىرىدە كۈلكە، كۆزى نەم.
يولدىن ئۆتەر پىكاپ غۇيۇلداپ،
قول سىلكىيدۇ ئالىپتە كىمدۇ.
تىكىر قىمەن ئۇنىڭغا قاراپ،
بەلكى تاشكەنتلىك يېڭى دوستۇمدۇ.
جەم بولغاندا يۇرتداشلار بۇندا،
ئۇچۇپ كېلەر يۇرتنىڭ پۇرىقى.
تۈگمەيدۇ دىل پىغانلىرى،
يول يىرىقى، يولنىڭ يىرىقى...

1991 ـ يىل 12 ـ يانۋار، تاشكەنت

## تۈمەن بويىدا

نېسىپ ئەتتى رۇس قىزى مېنى،
مېھمان قىلدى تۈمەن① بويىدا.
«كۆرگىن بىزنىڭ شىمالنى» دېدى،
ئېلىپ باردى ئاق قېيىنزارغا.
ئېھ، رۇس قىزى، سەن يېسىنىنگە
شېئىر بەرگەن ياش تانيوشاغۇ.
كۆرۈنىدۇ كۆپكۆك كۆزۈڭدە
كۆپكۆك بولۇپ ماڭا ئورمانمۇ.
يىراق ـ يىراق يېزىلار ئارا
تۇتىشىدۇ ئەگىم چىغىر يول.
ياغاچ ئۆيلەر چېدىرلىرىدا
ئۈينىشىدۇ كەپتەرلەر ئۇسسۇل.

① تۈمەن — سىبىرىيەدىكى سانائەت شەھىرى.

كىمدۇ ئاتلىق كېلەر شۇ يولدىن،
تونۇشۇڭمۇ؟ ئېيتقىن تانيوشا.
بەلكى سېنى ئىزلەپ كەلگەندۇ،
ئورمانلىقتا قىلغىن تاماشا.
تانيوشا دەر:

«ئۇ ياش ئورمانچى
ۋۇدكا ئىزلەپ كەلدى خوتۇر① غا.
ئاي چىققاندا بىزنىڭ گارمونچى
كېلەر مېنى تارتىپ ئۇسسۇلغا.»
ئاق قېيىنغا يۆلىنىپ ئاستا
دەيمەن:
«تانيوشا ئەجەب گۈزەلسەن.»
تانيوشا دەر:
«بىزنىڭ دالادا
يۈرگەن چېغىڭ ئاندىن بىلەرسەن.»

تانيوشانىڭ ئاق كۆڭلىكىنى
ئايرالمايمەن ئاپئاق قېيىندىن.
تانيوشانىڭ ئاق بىلىكىنى
ئايرالمايمەن ئاپئاق قېيىندىن.
نېچۈن ئاقتۇر رۇس قىزى دېسەم،
تۇغار ئىكەن ئۇنى ئاق قېيىن.
گۈزەل قىزلار ئۈستۈرەر ئىكەن
رۇس يېرى ئۆز گۈزەللىكىدىن.

1991 ـ يىل مارت

① خوتۇر (روسچە) — يېزا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قەدىمي بالاساغۇن شەھىرى

توقماق دەپ ئاتالغان كونا شەھەرنىڭ
يېنىدا بار ئېگىز، قەدىمي مۇنار.
مۇنارنىڭ يېنىدىكى تاش بالباللاردىن
قەدىمي سەنئەتنىڭ شولىسى چاقنار.
ھەيۋەتلىك مۇنارنىڭ ئاستىدا جىمجىت
سۇرەتكە چۈشكەندە كۆزگە كەلدى ياش.
بىلمىدىم، ئېھتىمال بۇندا بالباللار
سۆكۈتتە قەلبىمگە بولغاندۇ سىرداش.
ئايلانما پەلەمپەيدىن ئۆرلىدىم ئاستا،
گىرىمسەن، تارلىقتا قىسىلدى تېنىم.
شۇ تاپتا بىر خىشى بولۇپ مۇنارنىڭ،
ئۇ قەدىم زامانلارنى بىر كۆرسەم ئىدىم...

1990 ـ يىل نويابىر، توقماق

## بېشكەكتە يېڭى يىل

ئېسىمگە چۈشەر،
يېڭى يىل كەلسە،
بېشكەكتە يېڭى يىلنى ئۆينىغان چېغىم،

شام ئۆچۈرۈپ، قەدەھ ئۇرۇشتۇرغىنىم.
يېنىمدا سالاپەتلىك قىرغىز ئاقساقال،
ۋە بۇرۇتلۇق يىگىت — قاراچاي.①
ئۇدۇلۇمدا روس قىزى — ساھىبجامال،
يۇرتداشلار، دوستلار...
«نارىن»② رېستورانى —
قىرغىزلارنىڭ مەرمەر مىمارى،
يېڭى يىل تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەن كەڭ زال.
ئىشىكتىن كىرىپ،
شارپا ـ پەلتولارنى سېلىپ ـ راسلىنىپ،
ئايلانما پەلەمپەيدىن ئۆرلىدۇق ئاستا.
شاھانە زال ئىچى پەۋەس ـ لىق ئادەم،
ئوتتۇرىدا بېزەلگەن ياپيېشىل ئارچا.
زال شۇنچە تەرتىپلىك، ئازادە، ئەركىن،
رەڭگارەڭ چىراغلار، يېقىملىق سازلار...
چىرايلاردا كۈلكە ـ تەبەسسۇم،
يۈگۈرۈپ يۈرەر جوزىلار ئارا
ئاق خالاتلىق ئوفىتسانكىلار.③

سۆھبەتدىشىم قىرغىز ئاقساقال:
«مەن تىكەستىن، — دەر، —
ئوخشاتمايمەن تېكەسكە بۇ يەرنى،

① قارا چاي — كاۋكازدا ياشايدىغان مىللەت.
② «نارىن» رېستورانى — بىشكەكتىكى ئەڭ چوڭ رېستوران.
③ ئوفىتسانكىلار (رۇسچە) — مۇلازىمەتچى قىزلار.

ھەتتا تاغلىرىمۇ ئوخشماس ئىكەن،
باشقا بولىدىكەن تۇغقان يەر!...»
قارا چاي يىگەچ،
قازاقچىغا مايىل سۆز قىلىپ،
ھەۋەسلىنىپ ماختايدۇ يۇرتى كاۋكازنى:
«بىزنىڭ كاۋكازغا بىر بارساڭ ئىدىڭ،
كۆرسەڭ ئىدىڭ ئارىشاڭ ـ فونتانلىرىنى،
ياۋا ئۈزۈمزارلىقنى، ياڭاقزارلىقنى...
بىزنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىمىزنى،
ئەركىن، ئىشچان ئادەملىرىنى...
سۆيۈپ قالار ئىدىڭ بەلكى،
لېرمونتوفنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن گۈزەل،
بىزنىڭ كاۋكازنىڭ شوخ قىزلىرىنى...»
رۇس قىزى لىنوچكىغا
تونۇشتۇردى دوستۇم مېنى «پوئېت»① دەپ.
ئوقۇپ بەردىم مەنمۇ
شېئىرىنى ئۇلۇغ پۇشكىننىڭ:
«كاۋكاز ئاستىمدىدۇر، چوققىدا يالغۇز
تۇرىمەن يار بويلاپ قاردىن ئېگىزرەك.»②
كۆتۈرۈلدى ئالقىش — خاراشو،③
ۋە قەدەھ ئۇرۇشتۇردى مېنى تەبرىكلەپ.
شەرەت قىلدىم

① پوئېت (روسچە) — شائىر.
② پۇشكىننىڭ «كاۋكاز» ناملىق شېئىرىدىن
③ خاراشو (روسچە) — ياخشى.

ئۈستەل ئارىلاپ يۈرگەن گۈلچىگە،
ۋە گۈل تۇتتۇم لىنۇچكىنى ھۆرمەتلەپ،
(روسلاردا بۇ ئەڭ ئالىي ھۆرمەت).

مانا،
يېڭى يىل كەلمەكتە.
بەش مىنۇت،
تۆت مىنۇت، ئۈچ مىنۇت قالدى.
ئۈستەللەرگە قويۇلغان شاملار ئوت ئالدى.
ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇردى ئادەملەر،
قوللاردا قەدەھ!
يېڭى يىل كەلدى!
ھاياجاندا كەتتى زال تەۋرەپ...
كۆلكە ـ چۇقاندا ئۈچچۈردۈق شاملارنى،
«ئۇررا، ئۇررا، ئۇررا!
قۇتلۇق بولسۇن يېڭى يىلىڭىز،
بەختلىك بولۇڭ قەدىردان دوستلار!»
قىزىپ كەتتى تانسا ۋە ئۇسسۇل،
مەن ئوينىدىم لىنوچكا بىلەن.
قىزىپ قالغان قىرغىز ئاقساقال
چۇشۇپ كەتتى بىر رۇس موماي بىلەن...

گەز كەلمەيدۇ ھەركىمگە شۇنداق
يېڭى يىلنى يات ئەلدە ئويىنماق.
شۇ تاپتا ئېلىمدىن يىراق بولساممۇ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەملەرنىڭ مېھرى ـ دوستلۇقى،
ۋە خۇشاللىقى، ئىناق كەيپىيات،
ياتسىراتمىدى مېنى ھېچقانداق.
نەدە بولسا ياخشى ئادەملەر،
ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت ـ تۇيغۇ،
بولار ئىكەن دۇنيا ئائىلە،
ھايات شېرىن، گۈزەل ۋە ئوماق...

1991 ـ ، 1996 ـ يىللار، بېشكەك ـ غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

# بەزىدە

بەزىدە خۇشلۇقۇمدىن گۈل چاچىمەن،
بەزىدە قايغۇدىن تۆكۈلەر يېشىم.
گاھ سۆزمەن ـ ناتىقمەن، گاھى گاچىمەن،
مىڭ تۈرلۈك خىيالدىن ئاقاردى بېشىم.
بەزىدە يىغلىغۇم كېلەر كىمگىدۇر،
قەيەردە؟
كۆڭلۈمنىڭ ئاۋۇنچىقى يوق.
بەزىدە تىللىغۇم كېلەر كىمنىدۇر،
بەزىلەر خىيالىمدا قىلار ماڭا دوق...
تۇتۇرۇقسىز، نازۇك ھېسنى كۆيدۇرمەك ئۇچۇن
تاماكا تارتىمەن، كۆتۈرىمەن جام.
بەزىدە قىينايدۇ تۇندە يالغۇزلۇق،
ئايمۇ ھەم كۆڭلۈمنى چۈشەنمەس تامام.

1991 ـ يىل 31 ـ ماي

# مەستخۇش دەريا ساھىلى بۇندا

مەستخۇش دەريا ساھىلى بۇندا،
خىيال شېرىن، كۆڭۈلدە كۈيلەر.
دەريا مەۋجىدە سۆيگۈدىن سادا،
پاقىلار كوركىرار، كاككۇكلار كۈلەر.
ياپپېشىل چۆپلۈكمۇ سۆيەر بەلگىسىز،
ئۆتكۈنچى شامالدا تىترەپ خىيالچان.
نامەلۇم بىر شاختا بۇلبۇل تىنىمسىز،
مەستخۇشتۇر چاتقاللىق،
مەستخۇشتۇر ئورمان.
سۆيگۈنىڭ ئىلاھى مۆكۈندى قايان؟
تىڭشامدۇ چۆپلەرنىڭ شىلدىرلىشىنى.
بۇلبۇلنىڭ تىلىمۇ بىر كۈيدە ھامان،
ئۇ كۈيلەر تەبىئەت پىچىرلىشىنى...

1991 ـ يىل 9 ـ ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆستەڭ بويىدا قىزغۇچرەڭ تالگۈل

ئىزدەپ كەلسەڭ قەدرىڭ قىلارمەن،
سېغىنغاندا بارارمەن ئاندا.
زىلۋا بويلۇق قىزغۇچرەڭ تالگۈل
كۈلۈپ تۇرار ئۆستەڭ بويىدا.

ھەر سەھەردە بىر جۈپ ئاق چىلەك
ئاق ئۆستەڭگە چۆمۈپ كېتىدۇ.
ھەر سەھەردە بىر جۈپ ئاق بىلەك
ھويلىسىغا زىننەت بېرىدۇ.

گۈللۈكلەردە كۈلىدۇ ئەجرى،
سادىدا كۆڭۈل بۇلۇتتەك ئاپئاق.
چاقىرىدۇ سۆيگۈ ئىلاھى،
چېقىپ ياشلىق كۆكىدە چاقماق.

زىلۋا بويلۇق قىزغۇچرەڭ تالگۈل
شوخ ئېچىلغان ئۆستەڭ بويىدا.
ئىزدەپ كەلسەڭ قەدرىڭ قىلارمەن،
سېغىنغاندا بارارمەن ئاندا...

1991 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست

# سۈرەتتىكى سىر

مېھمان كۆردى:

تونۇش ئۇستەلدىن

يوقىلىپتۇ رامكىلىق سۈرەت.

ئايان ئىدى شۇ چۈپ سۈرەتتىن

كۈلۈپ تۇرغان تۇنجى مۇھەببەت...

قىسمەت ئەجەب، يەنە سۈرەتنى

ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ قويدى كىم؟

تىكىلىدۇ باللار بەزەن،

لېكىن،

ئانا تۇرار غەمكىن، جىم!

1991 ـ يىل 3 ـ سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئايدىڭدىكى ئاي دالا

ئايدىڭدا
يورتۇم مېنىڭ ئاي كۆرۈنەر
ئاينىڭ ئاپئاق نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ.
لەززەتلىك خىياللارغا چۆمۈلۈپ،
كۆڭۈل سۆيۈنەر، جان سۆيۈنەر!
جىمجىت، خىلۋەت، تىنچ داللار،
بۇدۇنە سايرىغان بېدىلىكلەردە
ئارقاندالغان ئات.
بۇغداي ئېگىزلىرىدا يانپاشلايدۇ ئاي،
گۈل ـ گىياھلارنىڭ
ئاداققى پۇرىقىدىن مەست بۇ تاپ.
دالا كۆڭلۈگىدەك تازا، غۇبارسىز.
ئەگەر نۇقسانى يوق دېيىلسە،
دېيىش كېرەك پەقەت دالا ئەيىبسىز.
دالا قۇچاقلايدۇ مېنى،
دالا قۇچاقلايدۇ سېنى،
شېرىن ھېسلارغا چۆمدۈرۈپ.
ئۇنتۇلدۇرۇپ تۇرمۇش تەشۋىشلىرىنى،

ۋاپاسىز ياردىن سۇنغان روھىمنى.
خىيالىمنى ئېيتىمەن ئاڭا،
ئېيتىمەن دەردىمنى،
بەزلەيدۇ ئۇ مۇڭلۇق كۆڭلۈمنى،
ئۈمىد قىرغىقىغا ئۈنتىلدۇرۇپ.
ئېيت دالاغا سەنمۇ،
ئېيت سىرلىرىڭنى،
كۆز ياشلىرىڭنى تۆككىن بۇرادەر!
خۇشاللىقىڭنىمۇ،
تاتلىق ئارزۇلىرىڭنىمۇ
تۆككىن ئۇنىڭغا، تۆككىن.
ئادەمدىن كۆرە ئۇ،
قەلبىڭنى ئوبدان چۈشىنەر!
مانا،
مېنىڭ خىيالىمغا ئوخشاش شېرىن بۇ كېچە،
يەر شارىنىڭ
ئەڭ گۈزەل يېرىدە ياتىدۇ ئۇخلاپ،
شېرىن چۈشەكەپ.
غۇۋا، قارامتۇل كۆرۈنگەن
دەرەخلەر ئارىسىدا جىمجىتلىقتا
بار بىر سېھرىي كۈچ،
بار بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت،
ئۆلمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببەت!
ئوت ـ چۆپ بېسىلغان

لەمپە ـ ئۆگزىلەرنىڭ ياكى
غوجا تام تۇتۇپ تۇرغان تاملىرىنى
كونا مەسچىتنىڭ
يېنىدىكى قېرى سېدە تۇۋىدە
بوۋايلار پاراڭغا چۈشكەندۇ شۇ تاپ.
هەي، ياشىغۇسى كېلەر ئۇلارنىڭمۇ،
ياشىغۇسى...
ئۇلار ئۆسكەن داللار بۇ،
ئۇلار ئۆسكەن
كەڭ دالىدا توشقان قوغلاپ.
ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس ئادەمگە،
پەقەت جۇدالىقى يامان بۇ داللارنىڭ
جۇدالىقى!
تۇرمۇش تەشۋىشىدە،
يىراققا ئۇچۇپ كەتكەنلەر،
بىلەمسەن، بۇ داللارنى كۆكسىگە سېپ كەتكەن.
جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ
كۆز قارىچۇقىدا بۇ دالا سۈرىتى...
ئەگەر مەندىن بۇرۇن
ئۆلسە ئىدى بۇ دالا،
بىر كۈن ئارتۇق ياشاش
ئېغىر بولار ئىدى ماڭا.
دالا ئۆلمەيدۇ، ئۆلمەيدۇ ئۇ،

بار ئۇنىڭ شۇنداق ئۇلۇغ قۇدرىتى!
گىياھلىرىنى بوۋايلار ئۆستۈرگەن ئۇنىڭ،
تۇپرىقنى شەربەتتە يۇغۇرۇپ.
شۇ ئىلاشقا، مويسىپىت ئۇ،
مۆتىۋەر ئۇ، جىگىنىڭ قوغۇنىدەك تاتلىق،
تۇرپان ئۈزۈمىدەك شىرىن،
ئىلى ئالمىسىدەك رەڭدار، چىرايلىق.
سەنمۇ ئايدەك گۈزەل بولارسەن جەزمەن،
بۇ يۇرتتا قالساڭ تۇغۇلۇپ.
قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بۇ دالىدا
ئاي شولىسىغا پەيۋەندە سۆيگۈ.
سۆيگۈدىن تۇغۇلغان پەرزەنت،
ئايدا كۆرەر ئۆزىنى،
چولپان سۇپەتلىك،
يۇلتۇزلار سارىيىدا سىزەر ئۆزىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈندۇر بەلكى،
مۇسىبەتتە بەلگە باغلانغان ئاقنى
بوۋىلارنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلارغا كۆرسەتكىنى.①
«بۇرادەر،
قۇرۇق گەپنىڭ نە ھاجىتى،
ھەر كىشى ماختايدۇ ئۆز يۇرتىنى،

① كونا ئادىتىمىز بويىچە، مۇسىبەتتە باغلانغان ئاق بەلۋاغنى ئاخشىمى يۇلتۇز كۆرسۇن دەپ تالاغا ئېسىپ قويىدۇ.

سەن يۇرتۇڭنى ماختىغاندەك.»
«ھەي،
خالىس ئېيتقۇم كېلىدۇ بۇرادەر،
بەش قول تەڭ بولمىغاندەك،
ئوخشىمايدۇ دالا ـ يۇرت گۈزەللىكى.
مېنىڭ يۇرتۇم ئوتتۇرا قولدەك!
ھەر كېچە ھەر ئۆيدە بىر يۇلتۇز مېھمان،
ھەر كېچە ھەر ئۆيدە ئاي كۈلەر شادىمان.
يېنىمدا ئاي،
قوينۇمدا ئاي،
بوينۇمدا ئاي،
ئايغا باقىمەن،
داللارغا نۇر بوپ ئاقىمەن!
يۇرتۇم،
ئايدىڭدا ماڭا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئەلدىن باي كۆرۈنەر،
گۈزەل، تەمكىن، خىيالچان،
جانان ئۈزۈكىدىكى جۇلالىق
بىرىلىيانت كۆزسىمان!

1991 ـ يىل ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# رىقابەتلىك بۇ دۇنيا

تالىشقىلار تالايدىن، رىقابەتلىك بۇ دۇنيا،
تالاشمىغان ئادەمگە نادامەتلىك بۇ دۇنيا.
ھېچ قىزىقى بولمايدۇ تالاشمىغان ئويۇننىڭ،
خۇددى توپقا ئوخشايدۇ كارامەتلىك بۇ دۇنيا.

تالاشسۇن دەپ دۇنيانى ئادەمزات يارالغان،
ھابىل بىلەن قابىلدىن بۇ تالىشىش تارالغان.
خىرىس قىلىپ كۈچۈكمۇ تالىشىدۇ سۆڭەكنى،
ئاي بىلەن كۈن قاراڭلار بۇ پەلەكنى تالاشقان.

مۇتالىئە قىلساڭلار ئىلىم ـ ھېكمەت سىرىنى،
پەقەت بىرلا يەكۈنى — تالاش، يەنە چىڭ تالاش!
شەيئىلەرنىڭ قىرىققا يارساڭ ئەگەر قىلىنى،
زەررىلىرى تالىشىپ پەيدا بولار ئۇيۇل تاش.

پۇتلار قەدەم تالىشىپ ئادەم ئالغا باسىدۇ،
كۆك تالىشىپ تېرەكلەر پەلەككە باش ئاتىدۇ.
رەڭ تالىشىپ مايسىلار قۇچاقلايدۇ قۇياشنى،
ئوربىتىغا قاراڭلار يەر شارى تېز چاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىق ئادرىسى

سەييارىلەر تالىشىپ تۇتۇپ تۇرار ئالەمنى،
چاقىرىدۇ دۇئېلغا تۇرمۇش ــ ھايات ئادەمنى.
يېڭىلگەنگە ياندىشار ئاچلىق ــ ئاپەت لەشكىرى،
رەنجىمىگىن دۇنيادىن ئەركە باسساڭ قەدەمنى.

كۆتۈرمەيدۇ ئەركەڭنى ئەركەكزەدەك بۇ دۇنيا،
تىلەنگەنگە، تەگكەنگە قۇرۇق مەدەك بۇ دۇنيا.
ساقلىغىنىڭ تۆكىدە باغلىۋالساڭ بويىنىدىن،
خۇلقى ــ نازى يېقىملىق پەرىزاتتەك بۇ دۇنيا.

ۋاقىت دېگەن سېھرىگەر خېرىدارى ئۆمۈرنىڭ،
ئالداپ سېنى ھەر دائىم تېرىقنى تاغ كۆرسىتەر.
بۇ سېھرنى بىلمىگەن نادان جانلار تام يۆلەپ،
ئەرزان سېتىپ ئۆمۈرنى پۇشايماندا كېتىشەر.

ئويلىساڭلار، ئادەملەر، قەرزدار سەن دۇنياغا،
ھەر مەخلۇقات، شەيئىمۇ ئادا قىلار قەرزىنى.
بارچە جانلىق، كائىنات خىزمەت قىلار ئىنسانغا،
بېجىرمىسە بۇرچىنى ھالاكتۇر بال ھەرىسى.

ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ــــ ئەي خىسلەتلىك ئادەمزات،
نېمىتىنى يېمەمسەن ساڭا ئورتاق دۇنيانىڭ.
ئۆزۈڭ تاپساڭ خارلىقنى ساڭا ئازدۇر پەندىيات،
پۇرسەت كەتسە قولۇڭدىن بېشى بالا ــ قازانىڭ.

قالسا سەندىن بىر جەسەت قالدۇرما داغ ـ جاراھەت،
مازار ئەمەس بازار بۇ، باراۋەتلىك بۇ دۇنيا.
باراۋەتنىڭ قىزىقى ئويغىتىدۇ مۇھەببەت،
ئۈلۈشى بار ئادەمگە ساخاۋەتلىك بۇ دۇنيا.

دېرىزەڭدىن مارىغان قۇياش ئەمەس، ئاي ئەمەس،
باراۋەتكە چاقىرغان دانىشمەنىنىڭ سىيماسى.
قورۇق نېمە، ئاق نېمە، بىز دۇنياغا سايە ئەمەس،
ھەر تال قورۇق، ئاق چاچتىن نۇرلانسۇن يۇرت دالاسى.

ئەيىب ئەتمە ياش باللار، ئاق چېچىمنى قارايتسام،
جامالىغا ئاشىقمەن بۇ قەدىناس دۇنيانىڭ.
گۈزەل دۇنيا، ئۈز دۇنيا ۋىسالىنى تالاشسام،
لەززىتىدىن سۆيگۈنىڭ ئۇرغۇپ تاشار دەرمانىم!...

*

تالىشىڭلار، تالايغا تالاشماقتۇر بۇ دۇنيا،
تالاشمىغان ئادەمگە ئاداشماقتۇر بۇ دۇنيا!

1992 ـ يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۆرۈك يۇرتى لىرىكىلىرى

(يېسېنىنغا تەقلىد)

## 1

ھەدىيە، ھەدىيە، كۆكۈل سۆيۈنچىم،
خىجىلمەن سېنى سۆيۈپ قالغىنىم ئۈچۈن.
سۆيدۈمۇ، يوق لېكىن ساڭا ئىشەنچىم،
نە قىلاي يۈرىكىم تەھتىدە يالقۇن،
ھەدىيە، ھەدىيە، كۆكۈل سۆيۈنچىم.

خىجىلمەن سېنى سۆيۈپ قالغىنىم ئۈچۈن،
ئاق ـ چېچار چاچلىرىم سۆيگۈمگە توساق.
مەن كۈزگى ياپراقمەن تىترىگەن، سولغۇن،
سەن ئۆرۈك چېچىكى رەڭدار ۋە ئوماق.
خىجىلمەن سېنى سۆيۈپ قالغىنىم ئۈچۈن.

سۆيدۈمۇ، يوق لېكىن ساڭا ئىشەنچىم،
ئادەملەر سۆيىدۇ شۇنداق بىپەرۋا.
ئەيىبلەر شائىرنى ئالا كۆكۈل دەپ،
ئۆزلىرى سۆيۈشنى بىلمەيدۇ ھەتتا.
سۆيدۈمۇ، يوق لېكىن ساڭا ئىشەنچىم.

نە قىلاي يۈرىكىم تەھتىدە يالقۇن،
ياتىقلىق ئالدىدىكى كۆك چىمەن ئارا.
سۈبھىنى ئويغاتتىڭ كۆردۈم ئاشۇ تۈن،
كىمدۇ ئۇ قەلبىڭنى ئەتكەن مەھلىيا.
نە قىلاي يۈرىكىم تەھتىدە يالقۇن.

ھەدىيە، ھەدىيە، كۆكگۈل سۆيۈنچىم،
بۇ ئۆرۈك يۈرتىنىڭ گۈلسەن ئۆزۈڭ.
ئىشلە، كۈل، ۋارقىرا، كۈلسۇن ئىشەنچىڭ،
كۈتمەكتە مېنىمۇ ئۆز قارا كۆزۈم،
ھەدىيە، ھەدىيە، كۆكگۈل سۆيۈنچىم.

2

بۇ يەردە بىر قىز بار تونۇمسەن ئۇنى؟
مەن سۆيگەن ئۇنىمۇ يوشۇرۇن بىر چاغ.
مەن ئۇنى ئويلايمەن ئۇزاقتىن بېرى،
يوق ئەمدى ئۇ بىلەن يەنە ئۇچراشماق.

كۆرۈشنى ئىستەيتتىم، لېكىن يۈرەكنى
بىھۇدە زېدە قىلىش ئەمدى نە ھاجەت.
ئاھ، ئۇنتۇپ كېتەيلا چۈشتەك ئۆتمۈشنى،
ئۇ كۈلسە مەن ئۇچۇن كۇپايە پەقەت.

ئۇ بەلكى بالىلىق بولغاندۇ بۇ چاغ،
مەن ئۇنى بىلگەنلەردىن سورايمەن بەزەن.
سۆيىدۇ ئۇ چىندىن ئۆرۈك يۇرتىنى،
خۇشى يوق قۇرۇق سۆلەت ـ ھەشەمەت بىلەن.

ئۇ ئاددىي ئۇيغۇر قىزى يېقىملىق، گۈزەل،
بېشىغا كۆلپەت قۇشى قونسا سەۋرچان.
بار ئۇنىڭ قانلىرىدا بىر يۈكسەك غەزەل،
ھاياتقا مۇھەببەت، سۆيگۈ ۋە ئىمان.

ئاق ئۆرۈك يۇرتىنىڭ شۇنداق قىزلىرى،
شېرىنلىك بېغىشلايدۇ تۇرمۇشقا ـ ئۆيگە.
بىلىنمەس تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىرى،
قوش يۈرەك ئۆز ئەركىدە ئائىلانسا كۆيگە.

3

دېرىزىدىن لەپىلدەيدۇ قار،
بۆلمە ئىچى ئىللىق ۋە راھەت.
قارشىمدا قاردەك ئاق دىلدار،
سۆيۈملۈك ئۇ، سۆيۈملۈك قەۋەت.

دېرىزىدىن لەپىلدەيدۇ قار،
قانداق كەلدىڭ بۇ يەرگە لالەم؟
يازغان خېتىڭ كۆڭلۈمدە تەكرار،
دىلنى ئەزدى ئېيتقان ھېكايەڭ.

كۆزلىرىڭدىن ئەگىيدۇ مونچاق،
كىم ئۇ سېنى ئەلدىن يەكلىگەن؟!
ئون سەككىزگە باسقاندا ئاياغ،
مۇھەببەتتىن سېنى چەكلىگەن؟!

سۇبھى بىلەن ئۇيقۇلۇق سەھەر
جايىنامازدا ئوقۇيسەن دۇرۇت.
خىيالىڭنى ئېپ قاچار كۈيلەر،
ۋۇجۇدۇڭدا كۆيىدۇ بىر ئوت.

ئاتاڭ تاشلاپ كېتىپتۇ سېنى،
بوۋاڭ بەختىڭگە تىلەركەن دۇئا.
يۇمران مايسىدەك نازۇك قەلبىڭنى
تەقدىر چۇشەنمەي قىلىپتۇ ناكا.

خىلۋەت يېزاڭ بىلمەس ئالەمنى،
ئادەملەرچۇ ھەمدەم، تەسەللى.
ئۇن – تىۋىشسىز قىنايدۇ يۈرەك،
تۇنجى سۆيگۈ قۇچقان ئادەمنى.

لېكىن، لەززەت ئاشۇ ئازابتا،
شۇ ئازابقا بولالىساڭ قۇل.
تىلىكىمنى بېرىمەن ساڭا،
ۋە كۆڭلۈمدە ياشايسەن مەغرۇر.

قارا، دالا ئاپئاق ـ ئاق باھار،
قار ئاستىدا تۇغۇلار چېچەك.
ئاق چېچەككە پۈركەنگىن دىلدار،
ئۆزۈڭ گۈلسەن، ئۆزۈڭ بىر چېچەك!

1992 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شائىرنىڭ ئايالىغا

سەن چۈشەنمەي شائىر قەلبىنى،
شېئىرىدىن ئىزدىدىڭ پەقەت.
ئۆزگىلەرگە ئوخشىتىپ ئۇنى،
تەلەپ قىلدىڭ خاسلا مۇھەببەت.

شېئىرىغا ئوخشىماس نېچۈن؟
سەن ھەيرەتتە، ئەمەس خاتىرجەم.
ئەجەبلەنمە، قەلبىنى شائىر
بۆلۈۋەتكەن ئادەملەرگە تەڭ.

1992 ـ يىل 10 ـ ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھەر كىشىگە ھەر رەڭدۇر دۇنيا

ھەر كىشىگە ھەر رەڭدۇر دۇنيا،
ماڭا شېئىر، ماڭا سۆيگۈ ئۇ.
بىراۋلارغا مەي ياكى قىمار،
بىراۋلارغا نەپرەت تۇيغۇ ئۇ.

ھەر كىشىگە ھەر رەڭدۇر دۇنيا،
ئۆز زوقىنى بەخش ئېتىدۇ.
لېكىن، روھسىز ئادەملەر يەنە
بۇ دۇنيانى قارغاپ كېتىدۇ.

1992 ـ يىل 10 ـ ماي

# روھىم

مەن روھىمنى ئۇچۇردۇم كۆككە،
بوشلۇقتا ئۇ تاپمىدى قۇدرەت.
مەن روھىمنى تاشلىدىم يەرگە،
پارچىلاندى سۆيگۇ ـ مۇھەببەت.

قۇياش روھى ئادەمزاتنىڭ،
تەنتەك روھىم ئۇچتى قۇياشقا.
دېڭىزلارغا تۆكۈلگەن شولام
پارچىلاندى ئۇرۇلۇپ تاشقا.

بەڭۋاش روھىم يوقالدى بىردىن،
سەھرالاردا يۈردۈم مەن ئىزدەپ.
قېچىپتۇ ئۇ شەھەرگە تېزدىن،
غورۇلارنى بۇزۇپ ئۆندەرەپ.

روھىم مېنىڭ يىلتىزلار ئارا
شىرنە ئىزدەپ يۈرگەندە چاڭقاپ.
مەن سايىدا، تالنىڭ ئاستىدا
كۆرۈپتىمەن ساماۋى كىتاب.

ئىزدەپ ئۇنى يارلىقنى بويلاپ،
كۆزلەكلەردە ئالمىدىم ئارام.
پۇتۇمغا تاش پاتقاندا سايدا،
بىھوشلۇقتا يىقىلدىم تامام.

نەغمىسىدىن ئويغاتتى تورغاي،
ئېلىپ كەپتۇ روھىمنى كۆكتىن.
مەن روھىمنى قۇچاقلىغاندا،
ھاياتلىقنى سەزدىم بۆلەكتىن.

تىرىلدى ئۇ شۋاق ئىچىدە،
ئاپتاپ يىگەن تۇپراقنى يالاپ.
گۈل كۆرۈندى شۋاقزار ماڭا،
دۇنيامۇ ھەم كۆرۈندى ئوماق.

1993 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قەلبمدە بىر ئىزگۈ ئالەم

## قۇسۇر

سىرلىرىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ،
دوستلىرىمدىن يېدىم مەن ئازار.
دېيىشىدۇ قۇرۇغان چىغقا
ئوت قويماقتىن يوق باشقا ئامال.

ئوت قوي، ئۇنىڭ تۇتۇنلىرىدىن
قارايسىمۇ سۇزۇلەر ئاسمان.
قۇياشتىنمۇ تېپىشار قۇسۇر،
ئادەملەرنىڭ مەيلىگە باقساڭ.

## تۇنجى سۆيۈش

تۇنجى سۆيۈش يېڭى ئالەمگە
ئېلىپ كىردى ياشلىقنى بەرھەق.
كۆزلىرىڭنى يۇمدۇڭ بىر پەسكە،
جىلۋىلەندى يۈزۈڭدە شەپەق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى تارىسى

خىيالىڭدا دىلبەر شۇ تاپتا
قانداق تۇيغۇ بولدى ھۆكۈمران؟
گۈل پۇرىقى تىنىقلىرىڭدا،
تىترەپ تۇرار قانداق ھاياجان؟
لەۋلىرىڭنى قاچۇرۇپ ئاستا،
قانداق تىلدا قىلارسەن ئايان!
تۈنجى سۆيگەن ــ سۆيۈلگەن دەمنى
قات ــ قېتىغا نەقىشلەر يۈرەك.
سۆيۈشلەرنىڭ بولمىسا قەدرى،
ئادەملەرگە سۆيۈش نە كېرەك!

## قەلىمدە بىر ئىزگۈ ئالەم

سۆكۈشىدۇ شائىرنى كۆپى،
دېمەك، كۆپىنىڭ شائىردا كۆزى.
قەلىمدە بىر ئىزگۈ ئالەم،
دىلنى مەپتۇن قىلىدۇ سۆزى.
ئەلەم قىلار ئۇنىڭغا پەقەت،
بۇ ئەجەبكى قىزىق بىر قىسمەت،
شائىر سۆكەر شائىرنى ئۆزى.

## بۇلاق ۋە ئادەم

كۆز ئاچقاندا بۇلاق دۇنياغا،
يول تاپىدۇ تاش ــ تۇپراق ئارا.
ئەگرى ــ بۈگرى ئىزلارنى ئېچىپ،
پەيدا قىلار يېڭى بىر ناخشا.

ئادەملەرچۇ، ئادەملەر بەزەن
ئۆز يولىنى تاپالماس شۇنداق.
ئۆزىدىن ھېچ كۆرمەيدۇ بۇنى،
كۆرسە ئىدى ياشايتتى قۇۋناق.

1998 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سىنىك شائىرلىق

1

بۇ ئاددىي بىر شېئىر، يوق پاساھەتلىك،
خىيالىي تۈيغۇلارنى قىلمىدىم ئىزھار.
شائىرنى چۈشەنمەس قەلبى بى دەردلىك،
بۇ دەردكە ھەمراھ بوپ ئۆزۈڭ بار دىلدار.
ئىچسىمۇ، ئىچمىسىمۇ مەستخۇشتۇر شائىر،
مەست قىلار شېرىن ھېس، مەست قىلار دۇنيا.
مەستلىكتىن تىترەيدۇ تەنلىرى دىر ـ دىر،
ئاي ـ لەيلى شېئىرىنى ئۇنۇتماس ئەمما.
ئادەملەر چېپىشار كۈندۈز ۋە تۈنى،
يوقاتقان روھنى ئىزدەيدۇ ئۇلار.
تۇرمۇشنىڭ غېمىدە خىيالى ـ ئويى،
ھەمدەردلىك شائىر ئۇلارچۇن پۇچىلار.
بۇ سىنىك شائىرلىق سۆيۈملۈك دىلدار!

2

ھەر كۈنى ماڭمەن تونۇش كوچىدا،
يوق ئاياغ ئاستىمدا ئۇچقۇر ماشىنام.

رام ـ قانات ئۆگۈپ كەتكەن ۋېلىسىپىتىمدا،
تونۇشلار ئۇچرىسا بېرىمەن سالام.
كىيىمىم ئاددىيلا، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇم
پەرقسىز ئۆتكۈنچى ئاددىي ئادەمدىن.
ۋە لېكىن ئوخشىماس خىيال ـ كەچمىشىم،
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆرىمەن ئالدىن.
يۇرتۇمدا تونۇشۇم ئازلا ـ ساناقلىق،
شۆھرىتىم باسمىغان يېزا ـ قىشلاقنى.
مەن ئاددىي ئورنۇمدا ئەمەسمەن باشلىق،
تۈزەيمەن ماقالىدە پەقەت چاتاقنى.
بۇ سېنىڭ شائىرلىق سۆيۈملۈك دىلدار!

3

مەسخىرە قىلىشار تېخى بەزىلەر
«شائىرمۇ ـ ئادەممۇ؟» دېيىشىپ ھەتتا.
بەرسەممۇ بىمارغا مەلھەم ـ شەربەتلەر،
مەستانىدەك نەشتەر ئۇردى باشلىقىم كاتتا.
غۇرۇرۇم تەڭرىتاغ، لېكىن تېشىمدا
رەقىبكە بىلدۈرمەي يۈرىمەن كۈلۈپ.
ھەر قېتىم ئوقۇغان شېئىرلىرىمدىن
قانلىرى قاچىدۇ چىرايى ئۆگۈپ.
رەقىبنىڭ ئوڭ يۈزى خۇشامەت، ئەكسى
سول يۈزى ھۆرپىيەر بوزەكنى تاپسا.
ھوقۇققا تىكىلەر تۈندىمۇ كۆزى،
مەنسىتمەي ئۆتىمەن ئۇنداقلار باقسا.
بۇ سېنىڭ شائىرلىق سۆيۈملۈك دىلدار!

# 4

بايلىقىا، مەنسەپكە ئۆزۈم ئۇرمىدىم،
بىھۇدە بىراۋنى تىللاپ يۈرمىدىم.
ئۆزۈڭنى ئىزدىدىم پەقەت قەلەمدىن،
روھلىرى ئۆلگەنلەرگە شېئىر پۈتمىدىم.
ئەگەسمۇ بۇ تۇرمۇش پۇكۇپ بېلىمنى،
بەزىدە تەپەككۇرۇم بوغسىمۇ كۈچەپ،
قۇچاقلاپ روھىڭنى خىيال قىپ سېنى،
تۈنلەردە ئىزدىدىم بەختىڭنى تىلەپ...
بالىلىق چېغىمدىن شېئىرغا كۆيۈپ،
چېچىمنى ئاقارتتىم ئاشۇ ئىشقتىن.
ئەپسۇسكى، ھەققىڭدە كۈيلەلمىدىم كۆپ،
سەن رازى بولدۇڭمۇ شائىرلىقىمدىن؟
داڭلىقتىن بولمىدىم، لېكىن ئالدىڭدا
نومۇستىن قىزارماس يۈزۈم ھېچقاچان.
ھامان بىر ئۆلۈم بار، كەچمىشلىرىمنى
بىلەرسەن بىر كۈنلەر شېئىرىم ئاختۇرساڭ...
دۇنيادا ئۆلمەيدىغان شائىر يوق، ئەمما
سەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئۇلۇغ كىتابخان!
ھاياتىم پۈتۈلگەن شېئىرىم روھىنى
سۆزلەيسەن ئەۋلادلارغا، سۆزلەيسەن ھامان.
بۇ سېنىڭ شائىرىڭ سۆيۈملۈك دىلدار!

1993 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىلگى ئادرېسى

# ئىلى ئاخشىمى

سالام كىتابخان!
سەنمۇ ھەم مەنمۇ ھەم ھامان بىر كۈنى
تەبىئەت قوينىغا قايتىمىز جەزمەن.
سەن بەلكى ھاياتىڭدىن تىكلەرسەن مۇنار،
مەن پەقەت شېئىرىمنى قالدۇرسام دەيمەن.
يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئاخشام
يەتكۈزگۈم بار ساڭا مۇشۇ ناخشىنى.
ھايات ۋە مۇھەببەت قىلىدۇ داۋام،
يەنە ئاي ئاستىدا ئىلى ئاخشىمى.
مەن بىلەن ناتونۇش مۇھەررىرمۇ ھەم،
پەقەت ساڭا قالدۇرىمىز ئۈمىد ۋە ئارزۇ.
شۇ جىمجىت باغرىڭغا سىڭمەكتە بۇ دەم
خۇشاللىق تۇيغۇمىز ۋە چەككەن قايغۇ...
كىچىكلا بىر چېكىت يەر شارىدا بۇ
يۇرتىمىز، بىلىسەن، قەلبكە تۇتاش.
ۋە لېكىن ئالەمنى سىغدۇرىدۇ ئۇ،
كۆڭلى ئاق ئايدىڭدۇر، يۈرىكى قۇياش.
شۇ يۇرتنىڭ ئاخشىمىسەن سۆيۈملۈك ئەركەم،

ساڭا ئۈز ـ تونۇشتۇر ناخشا ـ قوشاقلار.
سەن جىمجىت ئۇزىتىسەن ئۆتكۈنچىنى ھەم،
روھىڭنى پىچىرلايدۇ تاغدا بۇلاقلار.
مەن ئۆستەڭ بويىدا بۇ ئاخشام يالغۇز،
سۇۋادان ھەمراھىم، تىڭشار كۈيۈمنى.
ئادەملەر ئۆتمەكتە چىراغ ئاستىدىن،
نېمىدۇر خىيالى، نېمىدۇر ئويى...
چىرىغى ئۆچتى بەزى ئۆيلەرنىڭ بۇ چاغ،
تىلەيمەن ئۇلارغا ئارام، ياخشى چۈش.
قايسىبىر ئۆيلەردە كىمىندۇ قارغاپ،
كىملەردۇ كۈلىدۇ، كىملەردۇ بىھوش...
تۇل ئانا پىرقىراپ پەرزەنت ئوتىدا،
كىمنىڭدۇ جان ياپرىقى تىترەر بۇ نەپەس.
كىملەردۇ ئىچىلمىگەن قەدەھ ئالدىدا،
ۋەز ئېيتار دۇنيانى بىلگەندەك پەۋەس.
يىغلىما ئەلەمدىن، قىزچاق، بۇ ئاخشام،
ئالدانغان كۆڭلۈڭنى بەزلەيدۇ ئەتە.
مەن كۆرگەن گۈزەلنىڭ كۆز يېشىنمۇ،
ئۇ قىسمەت تەقدىرىدىن يازدى ھېكايە.
ئۇ تېخى رەڭگارەڭ ـ گۈگگا چىراغلىق
كاتەك ئۆي ئىچىدە بولمىغان ئۇلپەت.
قاراڭغۇ كوچىدا قىلىپ ئۇششۇقلۇق،
بىر يىگىت كاچات بېرىپ «سۆي!» دېدى پەقەت.
بۇزۇلغان بۇ روھنى مەن قانداق تۈزەي،

مەن ئاددي شائىرمەن، سۆيگۈگە ئامراق.
ئاي نۇرى مسرا بوپ چۈشەر قەغەزگە،
قارىسام ئاي يىغلار، باركەن ئۇندا داغ...
مەن ئاخشام قويندا ئالەمنى كەزدىم،
بارمدىم پىرقىرىما چىراغ ئاستىغا.
ئارامنى يوقاتتىم، جىنىمنى ئەزدىم،
ئىلىشىپ ھاياتنىڭ سىرلىق تورىغا.
نەھاجەت ئۆزىنى قىينىماق مۇنچە،
نام ـ شۆھرەت ئىشقىمۇ ياكى تەسەللى.
خىيالدا جىمجىت ئۆتۈپ كەتكەن يۇرتدىشىم
بىلىدۇ بۇ سەۋدا سىرىنى بەلكى...
يۇز يىلدىن كېينچۇ؟
كىم بىلەر بەلكى
بىر ئۆمۈر قەدەملەر سىڭگەن كوچىلار،
ئۆزگىرەر، تەھقىقكى سىزىدۇ روھىم.
تېرەكلىك ـ سۇۋادانلىق بوستان كوچامدا
ھە، بۇگۈن چىراغلاردىن چاقنايدۇ كۆزۈم.
كۆز يىشى، مۇھەببەت چۆككەن بۇلۇڭلار
يەنە جۇپ دىلكەشلەرگە بېغىشلار لەززەت.
بىلىنەر ئۇلارغا بىزنىڭ پاراڭلار،
ۋە سۆيگۈ كەچمىشىمىز چۆچەك ـ رىۋايەت...
بولدى قوي،

مېنى ئۆز ھالىمغا ئاخشام پەرىسى،
قاراڭغۇ بوستانلىققا باشلىما زىنھار.
ئۇنىڭسىز خىيالىمدا يارنىڭ شەپىسى،
گويا ئۇ ئولتۇرغاندەك يېنىمدا قاتار.
بۇ ئىلى ئاخشىمى مەست قىلىپ مېنىڭ
ئەپ كەتكەن ياشلىقىمنى، تۇنجى سۆيگۈمنى.
ئۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر يادىڭغا سېنىڭ
يەتكەندە ئەسلەرسەنمۇ، دىلدارىم، مېنى.
مەن ئەمدى ئەمەسمەن بەڭۋاش، تۇن كېزەر،
خىيالغا ئورايمەن باشتىكى ئاقنى.
سەنمۇ ھەم نەۋرەڭنى ئوينىتىپ دىلبەر،
ھېكايە قىلارسەن بىزنىڭ ياشلىقنى.
بۇ ھايات شۇنداق ئىكەن ئاخشامدەك سىرلىق،
سىرىنى يەشكىچە كۆزلۈك باغلار تور.
قاچانمۇ بىغەملىكنى تاشلار ئادەملەر،
ۋاھ، ئەجەب قايتىپ ـ يېنىپ كەلمەسكەن ئۆمۈر.
مەن سۆيگۈ كۈيلىدىم، كۈيلىدىم شۇنداق،
سۆيگىنىم قەلىمىمدىن تامدى بۇ ئاخشام.
ئادەملەر تۇرمۇشىنىڭ غېمىدا چېپىپ،
گاھ خۇشال قاراشتى، گاھى پەرىشان...
مەن ئۇلار كۆڭلۈمنى بىلگەي ئىدى دەپ،
بۇ كۈينى كۈيلىدىم ئاخشامغا ئورتاق.

بۇ كۈيگە مەستانە بوپقالدى ئەجەب،
ئايدىڭدا ــ ئاي نۇرىدا تۇغۇلغان بوۋاق...

يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئاخشام
يەتكۈزگۈم بار ساڭا مۇشۇ ناخشىنى.
مەن ئاخشام كۈيىمەن، ئاينىڭ نۇرىمەن،
هايات ۋە روھىمدا ئىلى ئاخشىمى.

1994 ــ يىل فېۋرال

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىش

يوقىتىدۇ ئادەم ئۆزىنى،
تاپقىنىدا بولار چىن ئىنسان.
يوقاتقانمەن مەنمۇ ئۆزۈمنى،
مەن ئۆزۈمنى تاپىمەن قاچان؟!
يوقاتمىدىم ئۆزۈمنى دەر كىم،
چۈشەنمەس ئۇ، بىزمەس ھېچقاچان.
ئىنسانىنىڭ چىن، گۈزەل ئەسلىنى
يوقىتىدۇ تۇرمۇش ۋە زامان.
تۇغۇلغاندا مەن ئۆزۈم ئىدىم،
ئەس كىرگەندە يوقالدىم ئاستا.
يوقالدى ئۆز تىلىم ۋە گېپىم،
يېڭى قۇلاق بوپقالدى پەيدا.
كۆزلىرىممۇ ئەمەس ئۆزۈمنىڭ،
بىر ئۆزۈمنى كۆرىدۇ پەقەت.
سۆزلىرىممۇ ئەمەس ئۆزۈمنىڭ،
چىن سۆزلىرىم كۆڭلۈمدە پەقەت.
كەلمىسىمۇ سۆزىگە كۈلگۈم،
بى ئىختىيار كۈلدۈم يوغانغا.

ئارتىس بولۇپ تۇغۇلمسامۇ،
ئارتىس بولۇپ باقتىم جاھانغا.
بۇ ھاياتنىڭ مىزانى شۇنداق،
بىر ـ بىرىگە يىپسىز باغلىنار.
ئاجىز ئىكەن ئىنساننىڭ روھى،
كۈچلۈكلەرگە كۈچسىز يالۋۇرار.
شۇنداق، بىلسەڭ دۇنيانىڭ ئۆزى،
يوقلىدۇ ئاجىز ـ سەغىرە.
پەردازلانغان ھاياتنىڭ يۈزى،
چىنلىقنى قىلماس ئاشكارە.
يورۇتمىسا قۇياش يۈزىنى،
ئاي شولىسى بولامدۇ پەيدا.
سېزەلمەستىن بۇ قانۇنىيەتنى،
تولۇن ئايغا ئوقۇيمىز ناخشا.
يوقاتتىم مەن شۇڭا ئۆزۈمنى،
سېھىرلەنگەن پانىي دۇنيادا.
سەن بەرمىگىن يالغان تەسەللى
ۋە ئالدىما خۇدا ئالدىدا.
ئالدىشىدۇ ئادەملەر شۇنداق
بىر ـ بىرىنى مايلىق سۆز بىلەن.
سۆزلىرىگە مەنپەئەت قوشماق،
كۆرۈشىدۇ يالغان كۆز بىلەن.
پەقەت چىندۇر مۇقەددەس ئۆلۈم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن تىرىكسەن دېمەك، ساختا بول.
ساختىلىققا ساختىلىق كېرەك،
بۇ ھاياتقا يەنە بىر تۇغۇل!
تۇغۇلمىساڭ دۇنياغا شۇنداق،
قۇرۇپ ـ قاقشال بولۇپ قېلىۋەر.
باشقىلارغا تىلىنىپ ـ قاقشاپ،
ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ چىشلەۋەر.
«ئۇغۇ شۇنداق، بىراق روھىمدا
مەن ئۆزۈمنى تاپسامدىم چاپسان!»
«ئۆز ئەسلىنى تاپماقلىق ئۈچۈن،
ئېتىقادقا ھاجەتتۇر ئىنسان...»

1995 ـ يىل سېنتەبىر

# كۆلۈمسىرەش

ئېرىق قىرى ـ دەرەخ تۈۋىدە
ئولتۇرىمەن نامازشام ئارا.
ئاستا خىيالچان قەدەملەر بېسىپ
سەن كېلىسەن تېرەكلىك يولدا.
ساڭا نېمە بولدى ئوماق قىز،
ئون توققۇزدا بارمىدۇ يېشىڭ؟
غۇنچە لېۋىڭ پىچىرلىغاندەك،
قىزىقتۇردى كۆلۈمسىرىشىڭ.
كۆلۈمسىرەر بەدەن ـ بەدىنىڭ،
كۆڭۈل خۇشلۇقۇڭ تۇرار تاشقىنداپ.
لەۋلىرىڭنىڭ تەبەسسۇمىدىن
بىر سۆيۈنۈش تۇرىدۇ پارلاپ.
نېمە سىر بۇ؟
ياشلىق كۆلكىسى
باشلاندىمۇ سۆيگۈگە ئورتاق.
شېرىن خىيال ئەسىر ئەتتىمۇ؟
سۆيگۈ شېرىن ـ ھە،
ئاھ، شېرىن شۇنداق...

بىلەلمىدىم يىگىتلىك بىلەن
تۇنجى ئۇچرىششتىن قايتىشقىمۇ بۇ؟
ھاياجانلىق تۇنجى سۆيۈشتىن
بىسلىمغان ھارارەتمۇ بۇ؟
خىيالىڭدا يىگىت پىچىرلاپ،
بىللە يانمۇ يان كېلەمدۇ ئاستا،
ئاڭا بېقىپ كۈلگۈنۈڭمۇ بۇ؟
نېمە سىر بۇ — ئەجەبمۇ تاتلىق
كۆلۈپ بارىسەن بۇ يولدا تەنھا.
ساڭا قاراپ كۈلەر تەبىئەت،
نۇرلىنىدۇ لېۋىڭدە دۇنيا!
مەن شائىرمەن،
پىنھان كۆڭۈل سىرىنى قىلارمەن چاچقۇ،
قىزلار لېۋىگە مۇھەببەت قونسا.

1995 ـ يىل

# تويغا چىللىدى بىر ئىزگۈ تىلەك

سىزگە ئايان،
كۆپ ۋاقىت بولدى شېئىر يازمىدىم،
ئىمانسىز شېئىرلارنى كەلمىدى يازغۇم.
ئادەملەر نان غېمىدە، جان غېمىدە،
چولىسى يوق شېئىر ئوقۇشقا،
سەسكىنىپ كەتتى لاۋزا شېئىردىن...
لېكىن، شۇنداقتىمۇ،
بۇگۇن مېنى قەدىرلەپ،
«سابان توي»دا شېئىر ئوقۇپ بەرسۇن دەپ،
چىللاپتۇ تاتار قېرىنداشلىرىم!
بۇرادەرلەر،
قانداق قايتۇراي مەن كۆڭلۈڭلارنى،
بىللە تۇرسا داستىخاندا پولۇ، بەلىشىم...
هەي، شۇ تاپتا مېنىڭ ئورنۇمدا
ئابدۇللا توقاي بىر شېئىر ئوقۇسا،
ياكى هادى تاقتاش،
ئەهمەد يېرىكەي
مۇهەببەتتىن گۇلدەستە تۇتسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قانداق پەيزى بولار ئىدى ـ ھە؟!
قانداق ماتور[1] بولار ئىدى...
خەيرىيەت،
ئۇلار يوق ئەمدى،
ئۇلار يوق...
قېرىنداشلىرىم،
گەرچە ئۇيغۇر بولساممۇ مەن،
قەدىرلىگەن كۆڭلۈڭلار ئۈچۈن،
ئېغىر كۈنلەردە
بىر چۆمۈچ سۈنى تەڭ ئىچكەن قېرىنداشلىق ئۈچۈن،
قەدىرلىك تويۇڭلارغا شېئىر تۇتىمەن!

مەن نوۋگورودتا[2] تۇغۇلدۇم،
تاتار دوستلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولدۇم،
تاتار ئۇستىلىرى سالغان مېنىڭ ئۆيۈمنى،
زەينەپ ئاپپاينىڭ[3] قولىدا ئوقۇدۇم.
ئاق مەرمەردەك سۈزۈك،
ئىدىل[4] سۈيىدەك كۆپكۆك كۆزلۈك
تاتار قىزلىرى
ئېلىپ كەتكەن ياشلىق خىيال ـ ئويۇمنى...
ئۇلار ـــ گىمنازىستلار،

---

① ماتور (روسچە) ـــ گۈزەل، چىرايلىق، ئېسىل.
② نوۋگورود ـــ غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر مەھەللىسى.
③ زەينەپ ئاپپاي ـــ پېشقەدەم تاتار ئوقۇتقۇچىسى.
④ ئىدىل ـــ ۋولگا دەرياسى.

بىر ـ بىرىدىن زىلۋا، كېلىشكەن،
ئېسىل، پاكىز كىيىم كىيىشكەن،
شەنبە كېچىلىرى
سېرىنگۈللەرنى كۆتۈرۈشۈپ،
«ئىسھاقبېك» كۇلۇبىدا
نوۋىگورىدنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا،
«بالا مىسكىن»① نى جىرلاپ يۈرۈشكەن...
ھېلىمۇ ئېسىمدە:
ياش چېغىمدىلا
تاتار جىرلىرىنى جىرلاپ يۈرگىنىم،
تاتار جىرلىرى بىلەن قوشكېزەك ئىدى
مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم،
تۇنجى سۆيگىنىم...
ھېلىمۇ ئېسىمدە،
«بولتۇر قىسقان قوللارىڭغا
يىغلايتتىڭمۇ سەن بۇ يىل»② دەپ،
ئا.توقاينى يادلاپ يۈرگىنىم.
شۇڭلاشقا ھازىرمۇ
مۇڭلۇق تاتار جىرلىرىنى ئاڭلىسام،
كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ،
كۆزۈمگە ياش كېلەر،
جىلۋىلىنىپ گۈزەل ياشلىقىم،
باللىقىم ـــ شوخ بەڭۋاشلىقىم!

---

① «بالا مىسكىن» ـــ تاتار خەلق ناخشىسى.
② ئا.توقاينىڭ «شورەلى» داستانىدىن.

بىزنىڭ ئىلدا،
تاتارلارنىڭ جانكۆيەر زىيالىيلىرى،
ئىلىم ـ ئىرپان گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغانتى.
بىلىسىلەر سىلەرمۇ،
بىزنىڭ مۇتەللىپىمۇ
تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغان ئىدى.
تاتارلارنىڭ «نۇر كۇتۇپخانىسى»
ياۋروپانى ئىلىغا تۇتاشتۇرغانتى.
ئەنە ھەبىب يۇنىچ ①
ئەسمە ئاپپاي ②
ئارىمىزدا «سابان توي»نى تويلاپ يۇرۇپتۇ.
شائىر توخفىنىڭ ③ ئوتلۇق شېئىرلىرى
كۆكۆل ئاسمىنىمدا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرۇپتۇ.
ئەنە،
جان ئالغۇچ ئوقلار ئۇچار ھەر يانغا،
پارتلايدۇ گراناتلار،
ئوت يالقۇنى،
ئىس ـ تۇتەك، گەمە...
كىم ئۇ،
ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي
يارىدارلارنى قۇتقۇزۇۋاتقان؟!
ئۇ قورالىق ھەمشىرە،

---

① ھەبىب يۇنىچ — مەرىپەتپەرۋەر تاتار زىيالىيسى.
② ئەسمە ئاپپاي — تاتار مۇئەللىمەسى.
③ توخفى — تاتار شائىرى.

تاتار قىزى پاتىمە.
يوتەيدىن ياغماقتا يامغۇردەك ئوقلار،
جۇڭغار دالاسى — پىلىسرات كۆۋرۈك.
يىقىلماقتا بىللە ناخشا توۋلىغان
يارۇ دوستلار...
ئالغا! ئالغا!
سىلجىتمايدۇ يوتەيدىن دۈشمەن،
ئالدىدا كەتكەنلەر يىقىلدى مانا،
باغلاپ گراناتنى بەلگە،
يەر بېغىرلاپ كەتتى بىر يىگىت،
توپا توزۇتىدۇ ئوقلار ئىككى يېنىدىن...
يوتەيگە يېقىنلاشتى ئۇ،
غەزەپ بىلەن ئاتتى گرانات
پارتلىدى يوتەي،
ئەمما...
تۇپراق قوڭۇر رەڭگە كىردى ئۇنىڭ قېنىدىن...
بۇ تاتار يىگىتى — شەۋكەت① ئىدى،
ئۇ ۋەتەن ئۇچۇن جان بەرگەن ئىدى.

شۇنداق،
ئۇلار مەدەنىيەت تارقاتقان ئىدى،
ئۇلار قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان ئىدى

① شەۋكەت — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا شىخۇ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان تاتار يىگىتى.

بىزنى بەختلىك ياشسۇن دەپ.
ئېھ، تاتار قېرىنداشلىرىم،
ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇماس ھېچكىم،
سىلەر ۋە بىز،
بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز.
شۇڭلاشقا،
كۆگۈللۈك ئۆتكەي بۇ «سابان تويۇڭ»لار،
سىلەرنىڭ تويۇڭلار — بىزنىڭ تويىمىز...

1997 ـ يىل ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئات ئوقۇرنى تاپىدۇ

ۋاقىت دېگەن ھۆكۈمرانى ئالەمنىڭ،
يىللار شۇنداق چۆللەرگە گۈل ياپىدۇ.
نوتىلارغا قۇۋۋەت بېرىپ، جان بېرىپ،
مەزگىلدە مېۋىسىنى قاقىدۇ.

ئالدىرىماڭ، ئات ئوقۇرنى تاپىدۇ،
ئات بولغىچە تايچاق ھەر يان چاپىدۇ.
تاغ ـ دالاسى، قىر ـ يايلىقى ئۆزىنىڭ،
تېنەپ قالسا ئۆز يېرىدە ياتىدۇ.

ئانا تاغلار، ئانا يايلاق ماكانى،
چاتقاللاردىن ئۆزىگە يول ئاچىدۇ.
سەكرەپ ـ ئۇچۇپ قىيالاردىن ـ بەللەردىن،
تۇيىقىدا ئالتۇن چاقماق چاقىدۇ.

يېتىلگەندە «گۆر ئوغلى» نىڭ دۇلدۇلى،
كۆرىنسىلەر يۇلتۇز بولۇپ ئاقىدۇ.
قايغۇرمىغىن ئۇچۇپ كەتسە قۇلۇنۇڭ،
ئاخىر بىر كۈن ئوقۇرنى تاپىدۇ.

1997 ـ يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئارماندا كەتكەن دوستۇمغا

(مەرھۇم شائىر، فولكلورچى تۇرسۇن زىرىدىنىنىڭ ۋاپاتىغا)

داڭلىقلارغا ئوقۇلغان كۆپ مەرسىيە،
بىراق، سىنىڭ نامىڭ كۆپكە ناتونۇش.
ھايات چىغىڭ تۇتالمىدۇق گۇلدەستە،
نەھاجەتتۇر ئەمدى كۆز ياش، ئاھ ئۇرۇش.

رەسۇلللا يېشى بىلەن ئۈزىدىڭ،
شۇنىڭ ئۆزى چىن دۇنياغا مەرھەمەت.
ئۆيىمىزدىن تېخى ھىدىڭ كەتمىدى،
قوشاقلاردىن تون كىيىپتۇ بىر جەسەت.

بۇرادەردۇق ئۇزاق يىللار سىرداشقان،
نېتەي ئەجەل جۇدا قىلدى قەلبىڭنى.
چۈشەنمەيتتى سېنى سىرداش ئەمەسلەر،
ۋە بىلمەيتتى ئېتىقادىڭ، قەدرىڭنى.

ئىست ـ ئىست، باھار روجەك چەككەندە،
كېتىپ قالدىڭ ئارمانىڭنى قالدۇرۇپ.
ئىشەن دوستۇم، قىزىلگۈللەر كۈلگەندە،
پىچىرلايمەن تۇپرىقىڭدا ئاي بولۇپ...

1998 ـ يىل ئاپرېل

# كۆي ۋە ئوغۇل

يازنىڭ بىر ئاخشىمى
چىللىغانتىڭ ئۆيۈڭگە مېنى
ۋە خۇش كۆلۈپ چېپ بەردىڭ رويال.
ساپادا ئولتۇرغان چىرايلىق ئوغلۇڭ
ماڭا بىر قاراپ، ساڭا بىر قاراپ
نېمىندۇ قىلاتتى خىيال...
كۆز قۇيرۇقىمغا چاپلاشتى ئوغۇل،
ۋە كۆڭۈل دېڭىزىمغا چۆكتى ئۇ ئاستا.
سەزگەنسەن بەلكى،
ئاستا ـ ئاستا توختىدى رويال.
كۆڭلۈڭ بى ئارام،
تاپىمدى تەسكىن...
تەبەسسۇمىڭ ئۇچتى كۆزۈڭدىن،
ئىما قىلدىڭ ئوغلۇڭنى «چىق!» دەپ.
چىقىپ كەتتى ئۇ،
غەمكىن كۆزىدە ساڭا تەلپۈنۈپ،
ماڭا تور تاشلاپ بوينۇمدىن سۆرەپ.
مەنمۇ قالدىم تەڭلىكتە ئەجەب...
هەي!

ئەي تۇرمۇش، رەھمسىز تۇرمۇش،
قوغلىمساڭچۇ ئوغۇلنى ئۆيدىن.
قوغلىمساڭچۇ!
مەيلى بىللە ئولتۇرسۇن ئۇمۇ.
ئاتىسىدىن قالغان يادىكار
بەلكى مۇشۇ تاتلىق ئوغۇلدۇ!
ئاتىسىغا ئوخشىتار بەلكى،
ئاتا مېھرىگە قانمىغان گۆدەك.
كۆزلىرىدىن شوخلۇق ئۇچۇپتۇ،
كىملەر ئۇنى قىلغاندۇ بوزەك.
ئەي ھايات، رەھمسىز ھايات،
قوغلىمساڭچۇ ئوغۇلنى ئۆيدىن.
كۈي ئاڭلىسۇن، ناخشا ئاڭلىسۇن،
بىز بىلەن خۇشال ئولتۇرسۇن ئۇمۇ.
سەن ئانا،
ئانا ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىدىن
شېرىن نەرسە دۇنيادا بارمۇ؟!
بىلمىدىم، خىيالغا كەتتىم،
يۈرىكىمنى باستى نامەلۇم ھەسرەت.
ئاشۇ ئاخشام ئۆيۈڭدىن كەتتىم،
سەنمۇ بىلمىدىڭ،
بىلەلمىدىڭ تاھازىرغىچە
سىرىمنى پەقەت!
خىيالىمدا ئاشۇ مۇڭلۇق كۈي
ۋە قارا كۆزلۈك شۇ ئوماق ئوغۇل...

1998 ـ يىل ماي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياخشىلىقنى ئۇنۇتمايدۇ ياخشىلار

ياززنىڭ گۈزەل بىر كۈنىدە بەشەيلەن①
يۈرۈپ كەتتۇق ياز پەيزىنى سۈرگىلى.
هاجىم يولدا نان ۋە ئارقان، رادىئو
ئالدى، بىراق بىلەلمىدۇق سىرىنى...
بۇ يول ئارا نان ۋە ئارقان نە كېرەك؟
ئويىنايدىغان تامغالىدا② هەممە تەل.
بۇ سىرنى بىلىپ قالدىم ئەتىسى،
بۇنىڭ ئۆزى بولدى گۈزەل بىر غەزەل:
قونالغۇدىن يۈرۈپ كەتتۇق ئىككىمىز،
دېرىزىدىن كۆرۈنەتتى گۈل دالا.
نەگە دېسەم دېدى: «ئادەم ئىزدەيمىز،
بىر ياخشىلىق قىلغان ئىدى بىر بالا.
بۇلتۇر تومۇز پەسلى يولدا ماشىنام
بۇزۇلغاندا قىيامەتنى كۆرگەنتىم.
كۆيۈك ئاپتاپ كۆسەي قىلغان تېنىمنى،
ئىسسىق ئۆتۈپ هالدىن كېتەي دېگەنتىم.

① بەشەيلەن —زوردۇن سابىر، مەمتىمىن هاجىم، غوپۇر سابىت، ئابدۇۋېلى مۇقىيت قاتارلىق بەشىمىز.
② تامغالى — نىلقا ناهىيىسىنىڭ ساياهەت رايونى.

قەيەردىندۇ پەيدا بولدى بىر يىگىت،
ئاتلىق ئىدى كەلگەندەك تاغ بېشىدىن.
ئەھۋال سوراپ مېنى ئاتقا مىندۈردى،
ۋە قۇتقۇزدى بۇ پالاكەت ئىچىدىن.
ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن،
ئەمما، بىر ئۆي بار ئىدى تاغ قېشىدا.
ئاي، يىل ئۆتتى، شۇ ئىشنىلا ئويلايمەن،
ياخشىلىقنى قايتۇراي دەپ ۋاقتىدا...»
پېشىنغىچە ئىزلەپ يۇردۇق ئۇ ئۆينى،
كۆرۈنگەنگە باھار بولدى ياخشىلىق.
ئاخىر تاپتۇق ئاشۇ قازاق يىگىتنى،
سۆيۈندۈردى ياخشىلىققا ياخشىلىق.
نان —ئاق يوللۇق، ئارقان — رىشتە، كۆي ياغراپ،
ياخشىلىقتىن ئاۋۋال تاپتى خۇشاللىق!
ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ ياخشىلار،
مەيلى تەقدىر تەتۈر كەلسۇن، ئوڭ كەلسۇن.
ياخشىلىقنى بىلمەس قېنى بۇزۇقلار،
دەيدۇ پەقەت: «مەن ياشىسام، ئۇ ئۆلسۇن!»
سەن بىرسىگە قىلساڭ ئەگەر ياخشىلىق،
قايتىدۇ ئۇ يا ئۇنىڭدىن، باشقىدىن.
ياخشىلىققا تاگسا ئەگەر يامانلىق،
خوپ ياخشىدۇر ئۇنى تاشلاپ قاچقىنىڭ.
ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدانما،
سۇ چاچمايدۇ ئوت ئىچىدە قالساڭمۇ.

ئىتلىقنى كۆرستىدۇ ئۆلگىچە،
هاپاش قىلىپ ھەجگە ئېلىپ بارساڭمۇ.
ئۇنداقلارغا بۇ ئالەمنىڭ قوينى تار،
ياخشىلارنىڭ نۇرى ئالەم زىننىتى.
گەر بولمىسا بۇ جاھاندا ياخشىلار،
باشلىناتتى ئىنسانىيەت كۈلپىتى.

ياخشىلىقنى ئۇنۇتمىغىن دۇنيادا،
ئەلەم قىلسا يۈرىكىڭدە چىلىڭ ساقلا!

1998 ـ يىل ئىيۇل

www.uyghurkitap.com

# يېڭى ئەسىر ئۈمىدى

يېڭى ئەسىر تۇغدى، دوستلار، يېڭى بىر ئۈمىد،
ئۇ ئۆسمەكتە شۇنچە تىمەن، ئوماق ۋە پاقلان.
گاھ ئۆمىلەپ، گاھ تەمتىلەپ ماڭدى ئاخىرى،
تەڭسىتمىگەن رەقىبلىرىم بولماقتا ھەيران.

ئۈنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدە ۋىسال جىلۋىسى،
ۋە باھارنىڭ خۇشبۇيى ھىدى كۆڭلۈمگە ئايان.
دىلغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ شېرىن كۈلكىسى،
چۈشەكگەن توغراقلىقتا ياندۇرۇپ گۈلخان.

ئۇزاق يولدىن ئاڭلىنىدۇ سالماق قەدىمى،
ھەر تىنىقتا قۇچاقلايمەن يارنى سۆيگەندەك.
يېڭى ئەسىر كۆرسەتمەكتە يېڭى مەنزىلنى،
ئوقاق تارتقان كۆڭۈللەردە ياشنايدۇ تىلەك!

2000 ـ يىل

# يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر

«مەشۇقۇم،
شۇ تاپتا ئۇخلاپ قالساقۇ،
يەنە يۈز يىل كېيىن ئويغانساق...»[1]
ياق، جېنىم، ئۇيقۇغا رايىم يوق پەقەت،
بەس يېتەر، ۋاقتىدۇر ئەمدى ئويغانماق!
قانۇ ياش نەھرىدۇر ئۆتمۈش ـ كەچمىشىم،
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر—
مېنىڭ ئەسىرىم!

2000 ـ يىل يانۋار

[1] نازىم ھېكمەت شېئىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## چىمبۇلاق

چىمبۇلاق، چىم ـ چىم بۇلاق،
باغرىڭ چىمەنزار خۇش پۇراق.
كۆك چىمەن رەڭدار گىلەم،
شېرىن كېچە مەستتۇر ئوماق.

تال ئۇچى ئايغا چىلاشتى،
بولدى ئاي سانسىز چىراق.
يانغا باقسام ئاي قېشىمدا،
كۆككە باقسام ئاي يىراق.

چىمبۇلاق، چىم ـ چىم بۇلاق،
جانغا ئارامسەن چىمبۇلاق.
مەستۇمەن، مەستانىمەن،
قانداق چىداي كەتسەم يىراق!

2001 ـ يىل 5 ـ ئاي

# ئەمدى

(چىرىكلەشكەنلەرگە)

جاھانغا پاتمىغان سەركە، ئاياغىڭ سۇندىمۇ ئەمدى،
سامادا ئويىنىغان قوزغۇن، قاناتىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

يۇرۇپ ئىشرەتتە لەززەتتە، چىرىپ كەتتىڭ خىيانەتتە،
ئۆزۈڭچە شاھ ئىدىڭ، تەختىڭ ـ راۋاقىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

قىلىپ ھەر جايدا ئۆكتەملىك كىشىنى زەپ بوزەك قىلدىڭ،
ھاشارغا ھەيدىگەن توقماق ـ تاياقىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

توپانى سورىسا دېھقان سەن چەشكە تاغار بولدۇڭ،
ئۇلار ئوۋلايدىغان ئوقيا ـ ساداقىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

ھارام بايلىق ھەشەمەتنى ساڭا ئات قىلدى، مىندۇردى،
ئېتىڭ پۇتلاشتى سىرتماققا، تاغاقىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

قېنى ئاپئاق نازىنىنلار، قېنى ئايۋان ـ ساراي، داچاڭ،
ھەقىقەتنىڭ تېشى تەگكەن تاۋاقىڭ سۇندىمۇ ئەمدى.

ئاتالار ئېيتقىنى كەلدى، ئانالار ئېيتقىنى كەلدى،
ئۆزۈڭ يۇردۇڭ تۇتۇپ ئوتنى، سۇباتىڭ سۇندىمۇ ئەمدى!

2001 ـ يىل مارت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئەي قەشقەر

ئېرىقىڭدا سۇ ئەمەس كۆي ئاقامدۇ،
راۋابىڭغا بۇلبۇل ئاۋاز قاتامدۇ،
شوخ قىزلىرىڭ تىلىغا ناۋات ياقامدۇ،
نېمانچە ئۈز ناۋالىرىڭ، ئەي قەشقەر!

سەندە جۇشقۇن ھايات، سۆيگۈ دەرياسى،
مېھرى ئىسسىق بادامدوپپا جۇلاسى،
كۆزنى يەيدۇ سۇمبۇل چاچلار جالاسى،
شاھى ئۇسسۇل سامالىرىڭ، ئەي قەشقەر!

مازارىڭدا روھىم زىكىر ـ سۆھبەتتە،
بازارىڭدا باققال بىلەن ئۇلپەتتە،
باغلىرىڭدا ئەنجۇرلۇكتە لەززەتتە،
دەردكە داۋا ئانارلىرىڭ، ئەي قەشقەر!

ۋاسا جۇپلۇك ئۆيلىرىڭ بىر گۈلدەستە،
نەققاشلىقنى ئۆگەتكەنمۇ پەرىشتە؟
ئادەملىرىڭ ھۈنەر بىلەن بەس ـ بەستە،
يۈلتۈز قوچار دانالىرىڭ، ئەي قەشقەر!

قابىللىقلىق سايرىتىدۇ ياغاچنى،
قوندۇرۇپسەن دوپپاڭغا ئاي ـ مەھۋەشنى،
يېرىلسا يەر سەن بىلسەن ياماشنى،
ياشىسۇن شۇ بەرنالىرىڭ، ئەي قەشقەر!

2001 ـ يىل

## يېڭى يىل ئاخشىمى سۇپتايدا يېزىلغان نەزم

تۇرىمەن پېشايۋاندا ئايغا ئېسىلىپ،
شەرقكە ئۈزمەكتە پارچە بۇلۇتلار.
نەدىدۇر، ئەندىكىپ خوراز چىللايدۇ،
ئاق زەرلىك لىباستا ئۇخلار ئېدىرلار.

تۇل قوشنام تېمىدا مۈشۈك مياڭلار،
كۆرۈنەر يىراقتا ئابرال قارىيىپ.
ئوت ـ چۆپلەر بېسلغان ئۆگزىلەر پاخماق،
ۋە قوناق شاخلىرى تۇرار سالپىيىپ.

قىش سوغى نەدىدۇر ئىللىق، ساپ ھاۋا،
كەلمەكتە بىر سەيياھ كوچىنى بويلاپ.
دىلبىرىم، مەن قانداق ئۇخلاي بۇ كېچە،
نەچچە مىڭ خىيالدا تولغىنىپ، ئويلاپ.

پارىژغا ئۇچايمۇ، نيۇيوركقىمۇ،
ۋەياكى موسكۋا، ئىستانبۇل، لوندون.
يېڭى يىل تەنتەنىسى گويا چوغ بولۇپ،
گۈلخاندەك ياندۇ ئۇ يەرلەر چوقۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

خىيالىي تۇيغۇلار مېنى ئالدىما،
يوق نۇردىن قانىتىم، ئۇچاي مەن قانداق!
يېڭى يىل ئاخشىمىنى ئۆتكۈزدۈم تەنھا،
قەدىمىي بىر يېزىدا① شەھەردىن يىراق.

بۇ يەردە يوق بايرام، تەنتەنە، شاۋقۇن،
تىمتاس ـ جىم كوچىلار ئۇيقۇدا بۇدەم.
«ئېھ، بۈگۈن يېڭى يىل»
دېسەم ساھىبخان:
«شۇنداقمۇ؟ ئېسىمىزدە يوق» دەيدۇ بىغەم.

ئۇ تېخى كادىرى مۇشۇ يېزىنىڭ،
ئوقۇغان، ئۆيلەنگەن، زىيالىي سىياق.
مۇز قاتقان كۆلدىكى كاچكۆلدە بايا
بىر دېھقان چېلەكتە سۇغاردى توپاق...

راست ئۇلار چارچىدى، دىللىرى غەمكىن،
ئۇزاتتى بۈگۈن ئىككى قېرىندىشىنى.
قەبرىستان يولىدىكى قېرى سۇۋادان
بىلىدۇ ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشىنى.

بوۋامغا سايىۋەن بولغان سۇۋادان،
روھىنى سېغىندىڭمۇ ئۇ زاتنىڭ ھازىر.
ئۇ ئېسىل ئادەم ئىدى ئەلگە مېھرىبان،
مىسكىنلەر كۆڭلىنى تېپىشقا ماھىر...

---

① نىلقا ناھىيىسىنىڭ سۇپتاي يېزىسى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېيتاتتى: «كەل، يانپاش، سويماڭ پىشتىمۇ،
ياتامسەن ساي قىرىدا كۈلدە ھېلىمۇ؟!» ①
غەلتە ئىشلىرىڭغا يىغلاپ ۋە كۈلۈپ،
مويسىپىت قارىياغاچ تۇرار ھېلىمۇ،

بالىلىق يىللىرىم مەنمۇ كۆرگەنتىم
قارىياغاچ ئاستىدا توپىدا ـ يەردە.
ئادەملەر ئوينىشاتتى «بۆرە قاتار»② نى،
كۆزلىرى باغلىنىپ يادا قايتقۇچە.

يېڭى يىل!
مۇبارەك ئەي قەدىمي ئۇيغۇر يېزىسى،
ياشاتقان ۋە باققان سۆيۈملۈك دالا.
مۇبارەك يىراقتىن ساڭا قاش سۇيى،
بىنەملىك ئېدىرلار، قارائغۇ باغلار...

سوقما تام چۈشىدە بوۋاقتەك ياتقان،
دېھقىنىم، مۇبارەك بۇ يېڭى يىلىڭ!
قارىغىن، يەر ئانا تەۋەللۇت ئەتتى
يېڭى بىر ھاياتنى، لېكىن سەزمىدىڭ.

① بوۋام (ئاپامنىڭ دادىسى) ئەھمەد ياقۇپ دىنىي زات بولۇپ، سۇپىتايىلقلار ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. بوۋام سۇپىتايىلقلار شەھەرگە — ئۇنىڭ يېنىغا كىرسە ئۇلاردىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋال سورايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەينى يىللىرى سۇپىتايىدا قوغۇن ـ تاۋۇز تۇرماق، قوناقمۇ تېرىلمايتتى. بىر قېتىم سىرتتىن كەلگەن بىر دېھقان قوغۇن تەرگەندە سۇپىتايىلقلار سويمىنىڭ تۆكىنى يانپاشقا سۇركەپ يەپ، قوغۇنلۇقنى ۋاشاڭ قىلىۋەتكەنىكەن. ئۇلار قىشتا ساي قىرىغا تۆكۈلگەن كۆلگە مىلىنىپ ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى.
② بۆرە قاتار — بىر خىل ئويۇن.

ئويغانغىن، كەل بىللە ناخشا ئېيتايلى،
چارچىغان تېنىڭگە تاپقىن يېڭى روھ.
سەھرانىڭ كېچىسى نەقەدەر گۈزەل،
ئۇيقۇدا بىلىنمەس بىراق ساڭا ئۇ.

يالىڭاچ دەرەخلەردە مۈگدەيدۇ باھار،
سەن ھەقدار ئەسىر بۇ ئويغانغىن، ئويغان!
بىنەمدە يوق ئەمدى چوكا ئالتۇنلار،
ماختىسا ئالدىنىپ قالما ھېچقاچان!...

ھەر ئۆيدە سۆھبەتتە قەلبىم بۇ ئاخشام،
يېڭى روھ ئىستەيمەن تىنىقلىرىڭدىن.
دېھقىنىم، يىل قەدرىنى سېزسەن قاچان،
ئالتۇنگۈل ئۆسىدۇ ئېتىزلىرىڭدىن...

*

پارىژغا ئۇچايمۇ، نيويۇركقىمۇ،
ۋەياكى موسكۋا، ئىستانبۇلغا مەن.
ياق، بەلكى يېڭى يىلنى ئۆتكۈزدۈم تەنھا،
شەھەردىن يىراق قەدىم بىر يېزىدا مەن.

2001 ـ يىل 31 ـ دېكابىر، سۇپتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر تائامى

(مۇخەممەس)

جاھاننى ئايلىنىپ كۆردۈم تالاي ئەللەر، شەھەرلەرنى،
بۇيۇك لوندون، نيۇيورك، كاراچى، ئەنقەرەلەرنى.
يېدىم تاشكەنتتە ماشخوردا، پېتىربورگدا ئىكرانى ①
قازاقىستاندا ئەبجەش ئاش، قازاندا قاق بەلىشلەرنى،
لېكىن، ئوخشاتمىدىم، دوستلار، ئاڭا بىر تەخسە لەگمەننى.

قېنى ئۇستام، ماڭا كەلتۈر لەزىز ئۇيغۇر تائامىدىن،
پولۇ سۇلتان، ۋەزىر مانتا، مەلىكە چۆچۈرە خانىمدىن،
تائام لەشكەر بېشى لەگمەن قاچان چىققاي خۇمارىمدىن،
گۆشى پاقلان بىلەن قورداق يەنە كى شورپا جانىمدىن،
تېنىمگە بەقۇۋۋەت گۆشنان يەنە ئۇگرە ئارامىمدىن.

قاچان، كىملەر ئىجاد ئەتكەن ئەجەب شېرىن تائاملار بۇ،
سۆيۈنگەن تەمىدىن، ھەتتا سۇتۇق بۇغرا، ئوغۇزخانمۇ،
شىپالىق كاۋا، قايماقلىق شۇ ئەتكەنچاينى دەيمۇ،
سەپەر قىلسا يىراقلاردا كى چايخورلار چىدالارمۇ،
كۆندە يىغلىتار قەدرىڭ يىراق ئەلدە مۇساپىرنى.

---

① ئىكرا — بېلىق تۇخۇمى.

جىمى ئەلنى بىھوش قىلغان كاۋاپدانىڭغا ھەببەللى،
بېلىق، كەكلىك بىلەن توشقان، تونۇر كاۋاپ ئۇزات ئەمدى،
قېنى ساقىي، ئېلىپ كەلگىن ئۆمەر ھەييام بىلەن مەينى،
مۇھەممەد «كارۇشاڭ» ئېيتقان مۇقامى پەنجىگاھنى،
چىدالماي ئاشىقى مەشرەپ ئۇرۇپ كەلسۇن ساپايىنى.

بۇگۈن دوستلار، سورۇن تۈزدۇق، ئۆلۈمدىن باشقىسى كۈلكە،
نىتەيلى دەردۇ غەملەرنى، ئىكەن دۇنيا ئۆزى تۈلكە،
قېنى چىققىن ھېسام، ساتتار كى چاقچاقنى مىنىپ تۆرگە،
تارالسۇن مېھرى خۇشتارلىق كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەرگە،
دۇئادا بەرىكەت تاپسۇن سورۇن ئەھلى قەدىردانى.

2003 ـ يىل يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شېئىر ۋە شائىر

## شېئىر

سېنى نابۇت قىلدى بەزىلەر،
دەللاللىقتا توقۇپ يالغاننى.
گۇۋاھلىقتا زەبۇن ئەقدە
گۆھەر دېدى ساختا مارجاننى.

گۈزەللىكنىڭ يوقالدى ئوماق،
قارغىش كەتتىڭ رەھمان ئالدىدا.
پانىي شۆھرەت ھۆسنۈڭنى بۇلغاپ،
قانات يايدى روھسىز دالىدا...

پاكلىقىڭنى ئىزدىدىم كېچە،
سوئال بىلەن يۇلتۇز ئارقاناپ.
دەۋر قىلىپ ئىنسان روھىنى،
يۇلتۇز ئاقتى شەيتاننى قوغلاپ.

كۆكتىن چۈشتى مەسۇم ئىتىقاد
سىنى نۇرغا ـ پاكلىققا ئوراپ.
ئىنسانىيەت روھدا ئۇلۇغ،
پاك شېئىر بوپ يۈرەكتە يانماق!

## باھار ۋە شېئىر

شېئىر ـ كۈيدىن ئويغىنىدۇ روھ،
ئويغانمايدۇ ئەمما تەبىئەت.
تەبىئەتنى ئويغىتار كىمدۇ،
شۇنىڭدىمۇ روھىي كۈچ ـ قۇدرەت.

تەپەككۇر قىل نوتىغا تېرەن،
كۆكلۈل چېچەك ـ باھارغا خۇمار.
ھەر شېئىردا بىخ سۈرسە پىكىر،
ئىنسان قەلبىگە كۆچىدۇ باھار!...

## شېئىر ۋە شائىر

يەر شارىدا ھەر كۈن، ھەر سائەت
تۇغۇلاركەن مىليونلاپ شېئىر.
شېئىرىيەت قازىسى كۆكتە
ھەر ئاخشىمى قىلارمىش زىكىر.

ئىمانى يوق شېئىرلارنى ئۇ،
تاشلار ئىمىش دېگىنى تەھتىگە.
مىسرالاردا كۆيگەن يۈرەكنى
ماياك قىلار ئىمىش دېگىنىگە.

دولقۇن ئاستى، قارا تۈندىمۇ
ئۇلار ئايدەك يېنىپ تۇرارمىش.
ئىزدىگەنلەر شائىرنى شۇڭا،
شۇ ماياكتىن ـ نۇردىن تاپارمىش.

## شائىرلارغا ھەزىل

بىر گىياھ بار نامى «تەگسە سولار» دەپ،
تېگىپ كەتسەڭ تۆكۈلىدۇ ئۇرۇقى.
تېگىپ كەتسەڭ سەنمۇ داڭلىق شائىرغا،
ئۆزى تۇرماق چىشلىۋالار «قۇيرۇقى».

# تۇغۇلغان كۈنۈم

تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم جىمجىت،
قار باسقان يۇرتۇمدا يالغۇز ـ يېگانە.
داۋراڭمۇ قىلمىدىم ئاتمىش يېشىمنى،
تەبرىكلەپ ھېچكىممۇ كەلمىدى ئۆيگە.

بۇ ھارپا ئاخشىمى، يوقلاپ يېڭىلا
ئانامنىڭ ئۆيىدىن قايتتىم خىيالچان.
تېرەكلىك، قاراڭغۇ بوستان كوچىلار،
تېيىلغاق يول مېنى ئۇزاتتى غەمكىن.

ياندىكى باغچىدا① ئېغىر سۈكۈنات،
دەرەخلەر ئاستىدا سۆيگۈ قەبرىسى.
نەدىدۇر ئۇ كۆزلەر ـ ئوماق قاراقات،
ئاق قارلار ئاق چېچەك كۆرۈنگەن پەسلى؟

كۆمۈلگەن بۇ باغقا ئۇلۇغ تەنتەنە،
مۇقەددەس پاراتنىڭ② شانلىق ئوبرازى.
توپىغا مىلىنىپ ئۆستۈم شۇ يەردە،
ھېلىمۇ قۇلىقىمدا ساليوت ئاۋازى...

① غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسى.
② 1945 ـ يىلى ئاپرېلدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مۇشۇ باغدا ھەربىي پارات ئۆتكۈزگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېرىقنىڭ قىرىدا ئۆسكەن سۆۋادان،
قۇياشقا بوي تارتىپ يەتمىدى قولى.
ياندۇ يۈرەكتە يەنە شۇ ئارمان،
ۋە لېكىن بورانلىق بۇ هايات يولى...

دەردىمنى ئىچىگە يۇتتى تاماكام،
تارالدىم بوشلۇققا تۇتۇن بوپ ئاستا.
خىيالغا، كىتابقا بۆلىنىپ ئۆستۈم،
كۆكۈلچەك ئەسلىملەر يىغلايدۇ مۇندا:

ئەتىنىڭ ئەۋلادى ساڭا ئامانەت،
بىر شائىر ئۆتكەن مۇشۇ «يۇشمان» مەهەللىدە.①
شۆهرەتلىك ئەمەس ئىدى، بەلكى خۇشامەت
قىلمىغان، ئەسكىلىكمۇ يۇتۇن ئۆمرىدە.

بېشىغا چاڭغىراق② چۈشكەن شائىرنىڭ،
ئىزلىرى قالدى ھەتتا خاك تېگىدىمۇ.③
نېمەتنى يىگۈزدى قېرىنىدىشىغا،
كىيمدى قىممەتلىك بىرەر كىيىممۇ...

① ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان مەهەللىسى.
② ئاپتورنىڭ دادىسى ئابدۇللا 1967 ـ يىل 29 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئېگىز تېرەكنى چاتاۋاتقاندا چۈشۈپ كېتىپ 1 ـ نويابىردا ۋاپات بولغان. ئاپتور سەكـ كىز بالىنىڭ چوڭى ئىدى. قازاقلار بىرسىدىن رەنجىسە «چاڭغىراق بېشىڭغا چۈشسۇن» دەيدۇ. بۇ، «ئۆيىنىڭ ئېغىرى بېشىڭغا چۈشسۇن» دېگىنى.
③ ئاپتور «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەرىكەتتە خاڭغا پالانغان.

روزنى ئۈزاتقان خەيرلىك ئاخشام،
تىلىدىم تەڭرىدىن ئۆمۈر ۋە جەننەت.
يالڭاچ شاخلاردىن ئاسمانغا باقسام،
تۇمانلىق غۇۋا ئاي خىيالچان مەندەك.

ئۆتۈپتۇ ئاھ دەرىخ، ئۆمۈر شۇنچە تېز،
ئىشەنمەس ئەقىل ۋە ھېسسىيات ـ ھاياجان.
تېخىلا كۆزۈمگە گۈل كۆرۈنەر قىز،
تېخىلا سەيلىگە ئات چاپار ھامان.

ياشايمەن قانچىلىك بۇ سۆيگۈ ئۈچۈن،
دىلبىرىم، ھاياتتەك بەك سۆيۈملۈك سەن.
قەلبىڭدە نام ـ ئاتاق دولقۇنى نېچۈن
پەسلىدى، شۆھرەتنى سۆيمىدىڭمۇ سەن؟!

ياق! ئەمدى شۆھرەتكە بولما تەمەگەر،
ئۆچمەكتە گۈلخانىنىڭ ئوتلىرى پەسلەپ.
تۇغۇلسام باشقىدىن، دىلبىرىم، ئەگەر،
تۇغۇلغان كۈنۈڭنى بىللە تەبرىكلەپ،
سۆيەتتىم ھاياتىنىمۇ سىېنى قەدىرلەپ!...

2002 ـ يىل 5 ـ دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىلى شەجەرىسى

جاھاننى ئايلىنىپ باققىن، ئىلىدەك ياخشى يەر بارمۇ؟
سۈيى شەربەت، بېغى لەززەت، تېغىدا بال ـ ھەسەل بارمۇ؟
ئۈزەر كۆللەردە غاز، ئاق قۇ، چاپار ئورمانىدا ئاھۇ،
ئىچ ـ باغرى قارا ئالتۇن، تاغۇ تاشىدا زەر بارمۇ؟

ئاقار دەرياسىدا ناخشا، كۆكۈلنى شاد ئېتىپ «لەيلۇن»،
ئۈنىڭ لەيلى ـ ناۋاسىدىن، مەست بولمىغان ئەر بارمۇ؟
بوۋايىغا قەبرىگاھ تۇپراق، چېچىكىڭ زەپ ئېسىل مەرغۇپ،
چېلىششام رۇستەمى بەخشەند سىنىگدەك بىر كەمەر بارمۇ؟

2002 ـ يىل

# يامغۇر سىمفونىيىسى

*1987 ـ يىلى ئىلى رايونىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان يامغۇر، قار ئاپەتتى يۈز بەردى.*

ـــ خاتىرەمدىن

1

ئۆيۈمدە توققۇز تۈۋرۈك،
توققۇز يەردە توققۇز داس.
توققۇز تامچە ناخشا ئېيتىدۇ:
چىكى چاك ـ چىكى چاك...
توققۇز يەردە
توققۇز ساز...
تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئاڭلاۋاتىمەن،
يۈزۈمدە كۆلكە،
كۆزۈمدە ياش...

2

تۆت ئاي توختىماي يىغلىدىڭ ئاسمان،
نېمە دەردىڭ بار ئىدى،
يا ئادەملەردە ئۆچۈڭ بارمىدى؟!

1987 ـ يىل كۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## 3

*بۇ ۋەقەدىن ئون بەش يىل كېيىن، يەنى 2002 ـ يىلى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يامغۇر ئاپىتى بولدى، مىڭلاپ ئۆيلەر ئۆرۈلدى، مىڭلاپ چارۋىلار قىرىلدى...*

— خاتىرەمدىن

ئون تۆت چېچەك كۆلۈمسىرەپ،
خۇش پۇراقنى پۇركىگەن باغلار.
ئون بەشىنچى چېچەك پەسلىدە،
يەنە پېرىلىك تۈتىنغۇ ئاسمان—
قارا بۇلۇتلار...
زېمىن نېمە گۇناھ قىلغان؟!
يا پەرىشتىلەر خەۋەر بەردىمۇ،
جازالاشقا پەرمان كەلدىمۇ،
زېمىن يۈزى بۇلغاندى،
ئادەملەرنىڭ بۇزۇق خۇي ـ پەيلى،
يامراپ كەتتى دەپ ئەلدە يالغان!؟
نېمە ئىش بۇ،
توختىمايدىغان بۇ قانداق يامغۇر،
يامغۇر قازىنى تېشىلدىمۇ؟!
يامغۇر...

بالامغا قارايمۇ،
ئۆيۈمگىمۇ، كالامغىمۇ،
ئۆرۈلۈۋاتقان لاپاس ـ قوتانغىمۇ!؟
تاماق ئىچكۈدەك قورۇق يەر بارمۇ؟
نېمە بالا بۇ،
يامغۇر، يامغۇر، يامغۇر...
ئاق يامغۇر، قارا يامغۇر، سىم ـ سىم،
قار ئارىلاش يامغۇر،
مۆلدۈر...
ئاسماندىمۇ، زېمىندىمۇ، يېنىمدىمۇ،
جان ـ جېنىمدىمۇ!

4

يامغۇر...
قېرى يولۋاس قېرى يامغۇردا قالدى،
ئۆرۈلۈپ كەتتى توپا تام ئۆيى.
سۆگەك ـ سۆڭەكگە دەز كەتتى،
ئاھ خۇدا، قۇياشىڭ قېنى!؟
يامغۇر...
ئۆيۈمنىڭ تاملىرى بېتون،
توققۇز يەردە يوق توققۇز تۈۋرۈك،
توققۇز يەردە توققۇز داس.
تامچە ناخشا ئېيتمايدۇ ئەمدى،

چىكى چاك ـ چىكى چاك،
توققۇز يەردە يوق توققۇز «ساز»...
ئوغلۇم تىلپۇنزور كۆرمەكتە ئەركىن،
لېكىن،
دېرىزەمدىن ئۆمىلەپ كىرمەكتە يامغۇر،
يامغۇر ئارىلاش،
ئېقىپ كىرمەكتە ھەسرەت:
موڭغۇلكۈرەدىن،
تېكەستىن،
توققۇزتارا،
پىلىچى، غۇلجا ناھىيىلەردىن...
ئەزىز قېرىنداشلىرىم،
سىلەر ياشاۋاتقان ئانا يەرلەردىن...
سەھرا ـ قىشلاقلاردا
يامغۇردا قالغان جېنىم قېرىنداشلىرىم!
ئامانمۇ سىلەر؟
ئامانمۇ سىلەر؟!
ئۆيۈڭلار ساقمۇ،
مال ـ چارۋاڭلار ئامانمۇ؟!
قانچىڭلارنىڭ يامغۇردا قالدى چارۋىسى!؟
دېرىزەمدىن كىرمەكتە ھەسرەت:
تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ،
ئىڭراۋاتقان،
مۆرەۋاتقان،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەرەۋاتقان،
جان تالىشۋاتقانلارنىڭ پەرياد ـ نالىسى...
كىم ئۇ
سەھراغا بىر ماشىنا مېھىر ـ شەپقەت بېسىپ كەلگەن،
«ئەل يېشىنى سۈرتكەن جانلار ياشىسۇن!...»
كىم ئۇ
× × ھاجىممۇ ئۇ،
بىر ماشىنا ھايان ـ جازانى بېسىپ كەلگەن سەھراغا،
«ئەل يېشىنى ئىچكەننى يەر يالمىسۇن!»
يامغۇر!
يامغۇردا قالغان جېنىم قېرىنداشلىرىم!
مەن نېمە قىلىپ بېرەي سىلەرگە،
بېرەي قانداق تەسەللى.
ئۆزۈڭلارغا ئايان
شائىر دېگەن شېئىر يازىدۇ:
«توپا تام يامغۇردا لاي بولىدۇ،
بۇرنىغا يامغۇر كىرگەن باي بولىدۇ.
يېڭى ئۆيۈڭلارغا خىش،
كۆڭلۈڭلارغا ئاپتاپ بولسۇن شېئىرىم!...»

2002 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

# ئىنسان

جاھاندا ياشىماق ئەمەستۇر قىيىن،
ئۆزۈڭنىڭ شىخىدىلا سايرىساڭ ئەگەر.
جاھاندا ياشىماق قىيىندۇر قىيىن،
ئۆزگىنىڭ ئوتىدا كۈل بولساڭ ئەگەر.

بۈگۈن سەن ھۆرمەتتە، باشقىلار دەردتە،
يۈرەركى غېرىب، تۇل، قايغۇ ـ ھەسرەتتە.
باقىدۇ ئۈمىدتە غەمكىن، بىچارە،
سەن قانداق كۈلگەيسەن ئەيش ـ ئىشرەتتە؟!

گۇۋاھدۇر تۈنگە ئاي، سەھەرگە چولپان،
گۇۋاھدۇر ئىنسانغا يەر بىلەن ئاسمان.
بىر قەترە سۇ بەرگىن چاڭقىغان لەۋگە،
ياخشىلىق تېرىيدۇ ئالەمگە ئىنسان.

2003 ـ يىل ئۆكتەبىر

## 4 ـ يانۋار خاتىرىسى

دارۋازىدىن ئۈزىدىم ئاستا،
يانۋارنىڭ سوغ ئاشۇ كېچىسى.
كۆز يەتكۈسىز ئەجەب بۇ ئاخشام،
مەشرەپبايىنىڭ تونۇش كوچىسى.

قەلىمىدىن ئۈچىدۇ ئەلەم،
ئاپئاق قاردا توڭلىدى ئېھسان.
نەپرەت تۆكەر چاناقلىرىدىن،
قاراڭغۇدا مۈزدەك سۈۋادان.

پىچىرلايدۇ قار باسقان شاخلار:
«سۇ بەرسەڭچۇ بىزگە ئەي ئىنسان.
سالقىنلايتتى ئەجرىڭ تومۈزدا،
ياشنار ئىدىڭ سەنمۇ باراقسان...»

نېتەي، يۇلتۇز دەپتىمەن ئۇنى،
ساقىپ كەتتى كۆڭلۈمدىن ئەمدى.
ئېھ سۈۋادان، ئادەملەر شۇنداق —
ياخشىلىقنىڭ بىلمەس قەدرىنى!...

2003 ـ يىل يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# سۈپتاينىڭ شەنبە بازىرى

تەسكەيلەردە مېھمان قالدۇق قار،
قىزىماقتا سۈپتاينىڭ شەنبە بازىرى.
ھارۋىلاردا مىلىچمال رەڭدار:
رېزىنكە ئاياغ، سۇلياۋ يوپۇقلار،
پارچە رەختلەر، قاچا ـ قۇچىلار...
تۈيىقىدا توپا توزۇتار
موملارغا باغلانغان ئاتلار.
تۆگىسىنى چۆكۈرۈپ، قوناق ئارتماقتا ئەنە
يىراق قىشلاقلاردىن كەلگەن قازاقلار.
يول ياقىسىدا، بىر توپ ياش خەنزۇ ئايال
تاغ پىيىزى ساتماقتا سۈپتايلىقلارغا.
ئۇلار ئۇنى كولاپ ئەكەلگەن كۇنگەيدىن،①
تاغ پىيىزى يېشىل يېمەكلىك، ئىسىل دورا.
بىر توپ ياشلار كۆز قىسىشماقتا،
خادىك ھارۋىدىكى قىز ـ چوكانلارغا.

2004 ـ يىل مارت

---

① كۇنگەي — جاي ئىسمى.

## ئاتا

### مۇقەددىمە

سىرلىق،
خاسىيەتلىك ئادەمزاتنىڭ
چاچما ئۇرۇقلىرى زېمىننى بېسىپ،
جەننەت بېغىدىن كۆچكەن،
جىمجىت زېمىننى ئويغىتىپ،
ۋە چىرايلىق، رەڭدار گۈل بولۇپ.
سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تاراتقان ئۇ،
دالالارغا نۇر،
بۇلاقلارغا ۋىلىق ـ ۋىلىق سۇ بولۇپ...
كۆللى ئالەمنىڭ
تېخى ئېچىلمىغان قەلب قەسرىگە
تارالغان مېھىر بولۇپ ئۇ.
يەر شارىغا تېرىپ ئارمانىنى،
كەتكەن مۇقەددەس بىر ئۇرۇق تۆكۈپ...
ىىراق...

# كوچىدىكى بىر سەبىي بالا

گۈگۈم يالمار، تىترەيدۇ شەھەر
ئاپئاق قاردا، ئاق شۇرغاندا.
تىترەپ تۇرار بىر سەبىي بالا
بېكەت ئالدى، بوتكا يېنىدا.
يېلىڭ چاپان، يىرتىق ئايىغى،
رەڭگى كېتىپتۇ مۇزلاپ ـ كۆكىرىپ.
دۆشكەلەپ دەر كىچىك ئوغرىلار:
«بىزگە قوشۇل جەللىگۇر بولۇپ...»

شەپقەت قىلدى بىر مېھرىبان قول،
دېدى: «بالام، ئاتا ـ ئاناڭ يوقمۇ؟
توڭلاپ قالسەن سوغدا ـ كوچىدا،
ئۆيۈڭ يوقمۇ، ماكانىڭ يوقمۇ؟»
تۆكۈلدۇ تارام ـ تارام ياش،
بېسىلمىغان تىترەك ئارىلاش...

«ئوغۇلكەنسەن، تۇغۇلغىنىڭدا
ئاتاڭ بېشى كۆككە يەتكەندۇ.
چىرىغىمنى ياندۇرىدۇ دەپ،
سۈننەت تويۇڭنى چوڭ قىپ بەرگەندۇ.

سۆيگۈ، ئۈمىد، ئارزۇ پەيلەپ،
ئانانىڭ كۆكسى ئېيىپ كەتكەندۇ.
قېنى ئاشۇ مېھرىبان قوللار،
نېمە ئۈچۈن قالدىڭ كوچىدا؟
نېمە ئىدى گۇناھىڭ بالام،
كۆز ئالدىڭدا زىمىستان دۇنيا...»
سەبىي كۆزدە لىغىرلايدۇ ياش،
كەچ كۈزدىكى شەبنەمگە ئوخشاش.

«ئەسكى ئىش قىپ ئاتاڭدىن قورقۇپ،
يا ئۆيۈڭدىن قېچىپ چىقتىڭمۇ؟
كۆرۈنمىسەڭ سىنىپ ئىچىدە،
سورىغاندۇ ئوقۇتقۇچۇڭمۇ؟...»
قاتتىق مۇزغا ئايلاندى كۆز ياش،
سۇكۇناتتى بۇزدى مىچىلداش:

«ئاتا ـ ئانام ئاجرىشىپ كەتكەن،
ئاتام ھەيدەپ چىقاردى ئۆيدىن.
يالۋۇرغانغا كەلمىدى رەھمى،
ھاراق ئۇنى چىقاردى يولدىن...»

## گۈزەلنىڭ كۆز يېشى

«ئەجەب تارتتىم ئۇنىڭ دەردىنى،
رومان بولار يازسىڭىز ئەگەر...»
بالىسىنى تۇتۇپ ئالدىمدا،
يوشۇرماقتا يېشىنى گۈزەل.

سوغ نەشترى يۈزلەرنى چاقار،
بالا يەرنى تەپمەكتە مۇزلاپ.
ئۆتۈشمەكتە ئادەملەر يولدىن
نەپسى ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ـ ئالدىراپ.

«نېمە بولدى؟ ئىناق ئىدىڭلار،
بىر چىرايلىق باللار تۇرسا؟!»
«بۇزۇق، ئاكا، كېچە ـ كېچىدە
ئۆيگە كىرمەس قونۇپ كوچىدا.
ئۇرۇشىدۇ كۈندە مەستلىكتە،
ئۆيمۇ تولدى سۇنۇق قاچىغا...
كۆڭلى تالادا قالغان ئادەمگە،
توۋا، توۋا...
باللارمۇ كۆرۈنمەيدىكەن.
ئىسست ئۆمرۈم، ئىسست ئەقدەم،
هايات يەنە بىر كەلمەيدىكەن...»

سوغ نەشترى يۈزلەرنى چاقار،
بالا توڭنى تەپمەكتە مۇزلاپ.
ۋە قارايدۇ ئانا كۆزىگە،
سۈزۈك مەرۋايىت چۈشسە دوملاپ.

بېرەي ئاڭا قانداق تەسەللى،
نېمە دەيمەن، نېمىمۇ دەيمەن.
بالىسىغا قاراپ پەرىشان،
بالام، سېنىڭ غېمىڭنى يەيمەن،
ئاتىلارغا ئىنساپ تىلەيمەن!

## شۇمبۇيا

( ئاتىنىڭ ئاشنىسىغا )

ئۆزىنى ياخشى كۆردۇڭمۇ، پۇلنى ياخشى كۆردۇڭمۇ؟
قونۇپ توقاي، سارايلاردا «مۇھەببەت» پەيزى سۇردۇڭمۇ؟
ئەجەبمۇ ئايىندى باقى سېنىڭ نازۇ كەرەشمەڭدىن،
كېچىدە ئوقۇپ ئەپسۇننى قېرى كۆڭلىگە ھۇردۇڭمۇ؟
زەھەرلىك شۇمبۇياكەنسەن بوسۇغا ئۇستىدە ئۈنگەن،
بولۇپ دوستى ئايالىنىڭ ئىناق ئۆيىنى بۇزدۇڭمۇ؟
ئانا يىغلايدۇ ھەسرەتتە، باللار ھەر تامان سەرسان،
نومۇس قىلماي سەبىيلەردىن ئاتا مېھرىنى ئۈزدۇڭمۇ؟
ئۆرۈلدى قان بىلەن تەردە بىنا قىلغان ساراي ـ ئايۋان،
ساڭا ئوخشاش قارا كۆڭۈل يارالغايمۇ زېمىندىنمۇ؟
يېتىملارنىڭ يېشى دەريا بولۇپ ئاخىر سېنى يۇتقاي،
پۇشايماندا كۆزۈڭ ياشلاپ قاچارسەن ئۆز ـ ئۆزۈڭدىنمۇ!

## سېنى قانداق ئاتا دەيمەن

جىگەر پارىسىغا كۆيگەن ئاتالارنى ئۇلۇغلايمەن،
قونۇپ مەيخانىدا يۇرسەڭ سېنى قانداق ئاتا دەيمەن!؟
ئۆزۈڭدىن باشقا غەم يوقمۇ، بالاڭنىڭ قورسىقى توقمۇ؟

www.uyghurkitap.com

سېنىڭ دەردىڭنى كۆپ تارتىپ كۆزى قان ـ ياش ئاتاڭىمىز...
ئاتالار كۆڭلى ئاپتاپتى، سېنىڭ كۆڭلۈڭگە مۇز قاتتى،
بالاڭ ھالىغا يەتمەيسەن، ئوقۇشتىن قېپ يېشىم ئاقتى...
ئاتا، ئىنساپنى ئۇنتۇپسەن، چېچىڭ ئاقاردى تويماپسەن،
ئادەم تۇرماق ئۇچار قۇشتەك جىگەر ـ پارەڭنى ئويلا سەن!
سېنى شۇندا ئاتام دەيمەن، قەدىرلەيمەن، قۇچاقلايمەن،
سۆزۈڭ قەلبىمگە نۇر ـ ئاپتاپ، ئىزىڭنى تۇتىيا دەيمەن.

2003 ـ يىل

# كۆك چوققا

*2004 ـ يىل ئىيۇلدا ئىلقا ناھىيسىنىڭ «كۆك چوققا» يايلىقىدا بالىلىرىم بىلەن ساياھەتتە بولدۇم.*

— خاتىرەمدىن

ئولتۇرىمەن قىيا تاشتا ـ چوققىدا،
ئاستىمدا ساي، قار كەتمىگەن كۆك چوققا.
ئەركىن روھىم قانات قاقار بۇلۇتتا،
تاشلاپ دۇنيا تەشۋىشىنى يىراققا.

ئەنە سايدىن كېلەر قويلار مەرىشى،
ۋە ئېشەكتە سۇ ئېپكېلەر بىر بالا.
تاغ كەپتىرى، كېپىنەكلەر پەرۋازى،
يېشىل ئۈپۈق، بوستانلىق، بەل ـ يوتىلار.

ئەركىن ھايات بەخش ئەتكەن تەبىئەت،
تەگرى ئايان تاش ـ گىياھلار ھۆسنىدە.
تۇغۇلىدۇ تەبىئەتتىن مۇھەببەت
مەڭگۈ گۈزەل شېئىرىيەت كۆكسىدە.

ئەي كۆك چوققا، چۈشىمسەمدىم ئۈستۈڭدىن،
تۈرمۈش مېنى ئالمىسىدى قىسماققا.
بەھرە ئالسام قۇشتەك مەڭگۈ روھىڭدىن،
بىراق، ئۆمۈر تاغ گۈلدەك بەك قىسقا.

ئانا قارىغاي، سەندە قالدى خىيالىم،
قانماي كەتتىم تىكىلگەنچە ئۈپۈققا.
كىملەر سېنى چۈشەپ يۈرەر بىلمىدىم،
ئەي زەبەردەس كۆك چوققا،
ئەي كۆك چوققا!

2004 ـ يىل ئىيۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بۇلبۇل قىنى①

كۆرۈشۈشتىن تۇغۇلدى سۆيگۈ،
ئەجەب ئوماق، گۈزەلسەن ئەركەم.
قاچۇرسەن ئۆزۈڭنى يىراق،
ئېلىپ كەلدىڭ يۈرەككە دەرد ـ غەم...

كېتىپ قالدىڭ جىمجىتلا، ئاستا،
تەنھا ياتاق قىسماقتا مېنى.
مۇڭغا باستى يات خىيال كېلىپ،
تۈنىنىڭ غەمكىن پىچىرلىشىنى...

سېنىڭسىز يوق تېنىمدە دەرمان،
پىراقىڭدا ئاقاردى چاچمۇ.
يۈرىكىمدە ئاشۇ گۈلىستان،
بۇلبۇل قىنى، كۆزدىكى ياشمۇ!...

2005 ـ يىل

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇلبۇل قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە زارىقىپ ساي-راپ، گۈل ئېچىلىش ئالدىدا ئۇخلاپ قېلىپ، ئەلەمدە قان قۇسارمىش.

## رۇبائىيلار

— گۈل ياغدۇ بۇ ئالەمدە كىملەرگە،
كىملەر ھۆرمەت ئويغىتىدۇ ئادەمدە؟
— بىلدىم دوستۇم، گۈل تۇتىدۇ ئادەملەر،
ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بەرگەن ئادەمگە!

*

سۆزلىمەك ھەممىدىن ئاسان ۋارقىراپ،
سۆزگە ئەمەسكى ھەرىكىتىگە باق.
بەزىلەر تىلىدا ئاسماندا ئۇچۇپ،
ئىش قىلسا بارىڭغا چۈشمەيدۇ قاپاق.

*

كىم ياخشى كۆرمەيدۇ شېرىن ئالمىنى،
كۆزنى يەپ دەپ تۇرسا: «قېنى ئال مېنى!»
نە ئۇچۇن ئۆرتەنمەس كىشى غەزەپتىن،
ئالما يەپ باغۋەنگە ئاتسا چالمىنى.

*

تاغلارنىڭ كۆركسەن يېشىل قارىغاي،
قەھرىتان قىشتىمۇ ھۆسنۈڭدە باھار.
مۇھەببەت ھاياتقا شېرىندۇر ـ شېرىن،
قىش ـ يېزى سېنىڭدەك تۇرسا تۇزۇماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باللادا ۋە داستانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاشقىز رىۋايىتى

(باللادا)

بۇندىن تالاي يىللار ئىلگىرى،
(قاچان ئۆتكەن بىلمەيدۇ ھېچكىم)
تىللار سۆزلەپ بۇ رىۋايەتنى
ئېلىپ كەلگەن قەدىمىي يولدىن،
گاھ قۇم، بوران ـ جۇدۇن ئىچىدىن.
گۇۋاھدۇر شۇ رىۋايەتنىڭ
دەريا بويىدىكى ئېگىز تۆپىلىك،
بىر يېنى يار دەرياغا چۈشكەن،
ئۈستى قېلىن ئوت ـ چۆپلۈك كۆپكۆك.
تۆپىلىككە تۇتاش كەڭ يايلاق
كىرىپ كەتكەن تاغلارنى بويلاپ.
تاغ گۈللىرى، ئارچا ـ قارىغايلار
قاپتاللارنى ياتار قۇچاقلاپ.
قاپتاللارنى ئىككىگە بۆلۈپ
قاراسۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ.
ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرى،

تۈننىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىدا،
ئۈزاق ـ ئۈزاقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.
نېسىپ بولدى ماڭا بىر زامان
شۇ يايلاقتا بوپ قېلىش مېھمان.
كۆك ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ،
قامچىسىنى قونچىغا ئېتىپ،
سۆزلەپ قالدى مويسىپىت چوپان:
«ھاياتلىقتا نېمە بولمايدۇ،
سىر ـ ھېكمەتكە تولغان دۇنيا بۇ.
تەسىبىھ ئېيتار ياراتقۇچىغا
ھەتتا گىياھ، تاغۇ تاشلارمۇ.
كۆردىڭىزمۇ تۆپىلىكتىكى
ئادەم ئوخشاش ئۇ خادا تاشنى.
〈تاشقىز〉 دەيمىز ئۇنى يەرلىكلەر،
بىلگەنلەرگە ئۇ شاھىت بەلگە،
بىلدۈرىدۇ قانداق ياشاشنى.
بىر كۈنى چىلڭ چۈش ۋاقتى ئىدى،
قويلىرىمنى سايغا ئىرىپ، ①
مۈگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن
ئاشۇ 〈تاشقىز〉 يېنىدا ھېرىپ.
〈بوۋا〉 دېگەن يېقىملىق ئاۋاز،
بۇلاق سۈيىدەك پىچىرلىدى.
توۋا دەيمەن، بېشىم ئۈستىدە

① ئىرىپ — 〈چارۋىچىلار سۆزى〉 مالنى يىغىپ دېگەن سۆز.

پىچىرلىغان شۇ «تاشقىز» ئىدى.
«بوۋا، مېنىڭ پالۋان يىگىتىم
كۆرۈنمەمدۇ بۇ يەردە؟» دېدى.
تېڭىرقىدىم، «قىزىم، بىلمىدىم،
پالۋان يىگىت؟
قانداق گەپ ئىدى؟»
«بوۋا، كەلكۈن چاك سالغان يىلى
يوقاتتىم مەن ۋاپادارىمنى.
ئۇنى مۇندا ساقلاۋاتىمەن،
ئۇچراشقاندىن سوراۋاتىمەن.
بۇ يايلاقتا ياشايتتۇق غەمسىز،
ئېجىل - ئىناق چارۋا - مال بېقىپ،
مالنى ھەيدەپ، تاشقورۇ ياساپ،
ئات چاپتۇرۇپ، سۈت - قىمىز ئىچىپ.
بىخەۋەر، تىنچ ياشايتتۇق شۇنداق،
ئاسايىشلىق تىلەپ ئاللادىن،
ئىككى تاغنىڭ ئىچىدىن كەلگەن
قۇتۇلغۇسىز كەلكۈن - بالادىن.
تومۇز پەسلى، دەريا كۆۋەجەپ،
ئاگلار قاچتى تاغلار بېشىدىن.
كالا - توپاق يەر تىلغاپ، مۆرەپ،
توخۇلار قاقاقلار چاتقال ئىچىدىن.
ۋە بىر شۇملۇق پۇراپ تۇرىدۇ
ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋششلىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لېكىن، سەزمەس بىغەم ئادەملەر،
بۇ نېمە ئىش، نېمە ئالامەت.
قاراسۇ دەرياسى تاشتى ئاخىرى،
ۋە باشلاندى قىزىل قىيامەت.
كەلكۈن كەلدى ئالەمنى بېسىپ،
چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلدى دۇنيا.
قارا تۇتەك جىرانى قاپلاپ،
ئاڭلاندى يەر تەكتىدىن گويا،
چىرقىرىغان دەھشەتلىك سادا،
سېسىق بەتبۇي چېچىپ ئەتراپقا.
ئۇچرىغاننى يالمىدى، يېدى،
مايسىلارنىڭ بۇلغاندى تېنى،
ۋە يوقالدى گۈللەرنىڭ ھىدى.
ئۆرۈلمەكتە تاغدەك قارىغايلار
تاش قومۇرۇپ، ئاستا غاراسلاپ.
تاشلار ئۆرۈلار بىرى بىرىگە،
كەلكۈن ئىچىدە توپتەك دومىلاپ.
بۇلۇت بولۇپ ئۆرلىدى پەرياد،
بارچە جانلىق ئەنسىز چىرقىراپ.
نە قىلىشنى بىلمەس ئادەملەر،
يۈگۈرۈشەتتى ھەر يان تېڭىرقاپ...
شۇندا چىقتى يۇرتتىن بىر پالۋان
كۆكرەك كېرىپ كەلكۈنگە قارشى.
ساقلىماق بوپ ئۇ ئەلنى ئامان،

يەتتە پاتمان كەتمەننى ئالدى.
ۋە سىغىنىپ ئۇلۇغ تەڭرىگە،
ئۇلۇغ تىنىپ، ئەل ـ يۇرتقا قاراپ،
كۆچەپ چاپتى ھەيۋەتلىك تاغنى،
ۋە كەلكۈننى قويدى ئۇ توراپ.
ئامان قالدى مەھەللە ـ ئۆيلەر،
كەلكۈن تولغىنىپ باشقا يول ئالدى.
لېكىن، شۇ چاغ پالۋان تېيىلىپ،
كەتمىنى بىلەن كەلكۈندە قالدى...
كۆرۈنمىدى ئۇ شۇندىن بۇيان،
دەريا يەنە قىنىدا ماڭدى.
ئىزدەپ تاپتى ئادەملەر ئاخىر
قارىغاي تۈۋىدىن سۇنۇق كەتمەننى.
تاپالمىدى بىراق يۇرتىغا
يۈرىكىنى تاغ قىپ بەرگەننى.
ئاشۇ پالۋان سۆيگىنىم ئىدى،
يەتمىگەنتۇق تېخى ۋىسالغا.
بەزەن شېرىن خىيالغا تولۇپ،
كۆز تىكىمەن تاشقىن دەرياغا.
ئۇ ئۆلمىدى، ھايات ھازىرمۇ،
قايتىپ كېلىدۇ دەيدۇ يۈرىكىم.
ئۇنى كۈتتۇم، كۈتىمەن يەنە،
تا كۈتىمەن قىيامەتكىچە،
ئۇ كېلىدۇ، كېلىدۇ چوقۇم!›

چۆچۈپ ئويغاندىم، ئەتراپىم جىمجىت،
قۇياش قىزدۇراتتى بېشىم ئۈستىدە.
قويلار ئۆگدەپ سايىدا يېتىپتۇ،
ئاقۇش بۇلۇت تاغنىڭ كۆكسىدە.
يانغا ئۆرۈلدۈم سالاپ ‹تاشقىز› نى،
مېھىر ـ سۆيگۈگە تولدى ۋۇجۇدۇم.
ساداقەتنىڭ نېمىلىكىنى
ئەجەب بىلمەي ئۆتۈپتۇ ئۆمرۈم.
پالۋاننىڭ زور كەتمىنى بىلەن
يۆتكەلگەن تاغ تۇرار ھېلىمۇ.
‹كەتمەنتۆپە› دەيمىز بۇ يەرنى،
قاراسۇ دەرياسى ئاقار ھېلىمۇ.
ۋاپادار قىز ئۆز يىگىتىنى
كۈتەر ئاشۇ ‹كەتمەنتۆپە› دە.
ئولتۇرىدۇ دەرياغا قاراپ،
مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىدە.
ئۇ كۈتىدۇ، كۈتەر ھېلىمۇ،
قار ـ يامغۇردا، شامال ـ بوراندا.
مەيلى باھار، مەيلى كەچ كۈزدە،
قەھرىتان قىش سوغۇقلىرىدا،
ۋە پىژغىرىم يازدا ـ تومۇزدا.
يىللار ئۆتتى، ئۇنىڭ جىسمىگە
قار ـ يامغۇرلار سىڭدى ئەبەدىي.
ئۇچۇپ كەلگەن قۇم ـ شېغىللارغا

ماكان بولدى ئاپئاق بەدىنى.
پەرىشتىلەر ئۇنىڭ قەلبىنى
مەدھىيىلىدى، بىلدۈردى ھىممەت.
ئېلىپ كەتتى روھىنى كۆككە،
تاش جىسمىنى قالدۇردى پەقەت.
ئۇنىڭ تال ـ تال سۇمبۇل چاچلىرى
ساي ئىچىگە چۇشكەن سوزۇلۇپ.
سۇمبۇل چاچنى ئويناپ ـ ئەركىلەپ،
سىرداش دەريا ئاقار مۇڭلىنىپ...»

ھازىر مۇندا كەلگەنلەر ھەر چاغ،
ئۇ «تاشقىز» نى كۆرۈپ ئۆتىدۇ.
ئۇنىڭ كونا رىۋايىتىدىن
دىللىرىغا سۆيگۈ پۈتىدۇ.
لېكىن، يەنە بەزىلەر ئۇنى
بىر تاش ـ بالىبال دەپلا بىلىدۇ.
ئانا يايلاق ئۇنى ھايات دەپ،
ساداقىتىنى سۆيۈپ ـ قەدىرلەپ،
ئۇزاق يولدىن ئېلىپ كېلىدۇ.
ئۆز يارىغا ساداقەتمەن قىز،
روھى كۆكتە بولار پەرىشتە.
قوشۇلغاندا پالۋاننىڭ روھى،
ئاي ۋە يۇلتۇز بولار ئەرشتە...

2001 ـ يىل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەخمەتجان ئېيتقان ھېكايە

(داستان)

*«ھېلىمۇ ئېسىمدە: كىچىك ۋاقتىمدا ئەخمەتجان ئەپەندى بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغان ئىدى. ئۇ ئالدىغا قويۇلغان مەشكىنى① نانغا تۇگۇرۇپ ئېلىپ، ئولتۇرغانلارغا: ‹مەشكە ناھايىتى تاتلىق ـ شېرىن ـ ھە. لېكىن، ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ـ شېرىن نەرسە بار، ئۇ، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئۇلۇغ مۇھەببىتى!› دېگەن ئىدى».*

*— موڭغۇلكۈرەلىك بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن*

## 1

مەن ئۆزۈم ئىلىلىق — ئۈچ دەرۋازىلىق
ئەخمەتجان ئەپەندىگە يانداش قورۇيىم.②
ۋە لېكىن بىلمەيتتىم ئەخمەتجان كىم ئۇ،
مەن ئۇ چاغ بىر گۆدەك، سەبىي بالىدىم.
چۈشەندىم ئەمدى مەن ھەم كۆردۈم ئۇنى،
سېغىنىپ ئەسلىسەم تۆكۈلەر يېشىم.
تەسەللى بەر ماڭا، ئاھ، بەر تەسەللى،
سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، خەلقىم — مۇڭدىشىم!

---

① مەشكە — خام قايماقنى چېلىپ ياسىلىدىغان يېمەكلىك.
② ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ خىزمەت بىناسى (ھازىرقى ئىلى گېزىتخانىسى) بىزنىڭ قورۇغا يانداش ئىدى.

## 2

كەچۈرگىن كىتابخان!

ئۆتمۈشكە بىر پەس

قايتىمەن باسالماي ھاياجىنىمنى.

مەن قانداق سۆزلىمەي تۇراي بۇ نەپەس،

شۇ تاڭدا چولپاننى يوقاتقىنىمنى...

ئېسىمدە: مۇسىبەت كۈنى ئۆگزىدىن

قارايتتىم تۆۋەنگە بولۇپ مەن ھەيران.

ئاق پوتا باغلىغان ئادەم دېڭىزى

داۋالغۇپ تۇراتتى ئۆركەشلەپ ھەريان.

مىڭلىغان كۆزلەردىن تۆكۈلەتتى ياش،

سورىدىم بىرسىدىن: «نېمە گەپ زادى؟

كىم ئۆلدى؟»

«ئەخمەتجان، دانا ئۇلۇغ زات!»

دېدى ھەم كۆتۈرۈلدى نالە ـ پەريادى.

ئاھ، شۇ چاغ ئاڭلىنىپ ماتەم ساداسى،

تىترىدى يۈرىكىم، كۆزۈم بولدى نەم.

شۇم ئەجەل راست بىزدىن ئايرىماقچىمۇ،

ئاھ، نەگە بارسەن ئەخمەتجان بۇ دەم؟!

توختا، ئەي قەدىردانىم، ئاڭلا ئىلىڭنى،

يۈرەكتە كۆپ ئىدى ئۈمىد ـ ئارزۇلار.

بىچارە خەلقىڭنى قالدۇرۇپ داغدا،
سەن نەگە بارىسەن بىزنىڭ غەمگۇزار؟!
ئادەملەر دېڭىزىدا تەۋرىنىپ تاۋۇت
ئۈزىدى لەھەتكە، دېدىم: «ئەلۋىدا!»
ئۇنتۇلماس قايغۇلۇق شۇ جۇدالىق كۈن،
ئەل گۇۋاھ،
يەر گۇۋاھ،
چىن تارىخ گۇۋاھ!

3

ھەر كۈنى كۆرىمەن قۇتلۇق قەبرىنى،
ئويلايمەن:
سىغمايدۇ روھى قەبرىگە.
كىمكەن ئۇ ئۆلدى دېگەن؟
ئۇ ھايات ــ تىرىك
ھەر تائام ئۈستىدە،
ئەل ــ يۇرت قەلبىدە...
مەن كەزدىم سەھرالار، ئېدىر، تاغلارنى،
ئۇ بولدى سوغدا ئوت، تومۇزدا سايە.
كۆرگەنلەر پەخىرلىنىپ ياتلىدى ئۇنى،
بىلگەنلەر سۆزلىدى قۇتلۇق ھېكايە.
بىر قېتىم يېزىدا مېھماندا ئىدىم،
توپلايتتىم فولكور، تارىخ، يادنامە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرىسى

سورۇندا سۆز ئېچىپ قالدى بىر دوستۇم
سۆيۈملۈك ئەخمەتجان ئۇستاز ھەققىدە:
«فولكلور ۋە تارىخ توپلاش ياخشى ئىش، —
دەپ دوستۇم قىزىقىپ سۆزىنى باشلىدى، —
ئۆتتى كۆپ قەھرىمان سادىر، نۇزۇگۇم،
ئەخمەتجان ھەققىدىمۇ يېزىلسا ئىدى.
مەن كۆرگەن بىر ئىشنى سۆزلەي، پايدىسى
بوپ قالار ئەسلىمە يېزىپ قالسىڭىز.
باللىق چاغلىرىم ئېسىمدە ھېلى،
قەدىردان رەھبەرنى مېھمان قىلغان بىز.
شۇ كۈنى يۇرتىمىز شادلىققا چۆمدى،
ئادەملەر كۆرۈشەتتى ئۇ بىلەن قىزغىن.
ئەخمەتجان بەك كەمتەر، مۇلايىم ئىدى،
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك ئەل بىلەن يېقىن.
مۇھىم بىر ئىش بىلەن چىققانكەن ئۇلار،
يۇرۇشتى ناھىيىنى ئارىلاپ ھەپتە.
ئىززەتلەپ مېھمانغا چاقىردى ئاتام،
ۋە قويدى داستىخانغا بال، قايماق، مەشكە.
مېھمانلار بېقىشتى ئىشتىھا بىلەن،
نېنىغا تۇگۇرۇپ مەشكىنى بىرسى،
ئەخمەتجان ئەپەندىمگە بۇرۇلۇپ ئاستا:
‹مەشكىدەك تاتلىق نېمە بارمىدۇ؟!› دېدى.
ئەخمەتجان كۈلۈمسىرەپ سالماقلىق بىلەن،
مەشكىگە تۇگۇرۇپ بىر پارچە ناننى

ئالدى ـ دە، دەقىقە خىيالغا چۆمۈپ،
ۋە ئاندىن ئەتراپقا بىر نەزەر سالدى.
تىكلىدى مېھمانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا،
قانداق بىر گۆھەر سۆز ئاڭلايمىزكىن، دەپ.
مەنمۇ ھەم تۇگۈلنىپ دادام قېشىدا،
قۇلاقنى دىلىڭ تۇتتۇم ئۇخلىماي ئەسنەپ.
‹راست دەيسىز، مەشكە بەك شېرىن يېمەكلىك،ـــ
دېدى ئۇ قولىدىكى مەشكىگە قاراپ،ـــ
ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مۇھەببىتىچۇ،
مەشكىدىن تېخىمۇ شېرىن ـ تاتلىقراق!
شۇ تاپتا قايسىبىر دانىشمەن ئېيتقان
مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كەلدى:
يۇرتىغا دۈشمەنلەر سانجىغاندا تىغ،
ئۇرۇشتىن قېچىپتۇ بىر قاچقۇن جەڭچى.
ھارغىن ۋە ئاچ قورساق جەڭچىنى كۈتۈپ،
سۆيگىنى راسلاپتۇ نەچچە خىل تائام.
ۋە ئاندىن سوراپتۇ: باتۇرۇم، دۈشمەن
قاچتىمۇ ئېلىمدىن يېڭىلىپ تامام؟
يازدىڭمۇ قىلىچىڭ ئالماس بىسىدا
دۈشمەننىڭ قېنىدىن شۆھرەتلىك داستان؟
ئەجدادلار روھىدىن ئالدىڭمۇ مەدەت،
ئەگەردە قېيسىپ بولساڭمۇ نىمجان؟
يا دۈشمەن كۆزۈڭگە كۆرۈندىمۇ تاغ،
كەلدىڭمۇ قانسىرىغان دوستۇڭنى تاشلاپ؟

جەھەننەم كۆرۈندىمۇ قىلىچ ئۇچقۇنى؟
سۆزلىگىن، ئارام ئال ئاندىن يانپاشلاپ.
جەڭچى جىم، بېشىنى ئېگىپ ملىڭ تەستە،
تىزىنى قۇچاقلاپ مەھبۇبىسىنىڭ.
راستىنى ئېيتىپتۇ:
دۈشمەن كەلمەكتە!
مەن قاچتىم...
قۇربانى مۇھەببىتىڭنىڭ...
قىز ئاڭلاپ بۇ سۆزنى چاچراپ ئورنىدىن
غەزەپتە ۋارقىراپ: كەت، يوقال! دېدى.
سەن قاچقۇن نېمە دەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە،
ۋەتەننىڭ كۈتكىنى سەندىن شۇمىدى!؟
قوغلاندى ئۇ ئۆيدىن، مەھبۇبىسىدىن،
قوغلاندى يۇرتىدىن، ئەلنىڭ قەلبىدىن.
ئۇ تەنھا،
چۆل كېزىپ يىغلايدۇ زار ـ زار،
دېمەكچى:
ئەل ـ ۋەتەن ئەلا ھەممىدىن!››»

*

كۆپ يىللار ئۆتتى...
مانا گۆھەردەك شۇ سۆز
ئېسىمدىن كەتمىدى، كەتمىدى پەقەت.
نەۋ باھار شاملىدەك ھەر كۆڭۈل ـ دىلغا

شۇرلاپ ئۆتتى ئۇ قوزغاپ مۇھەببەت.
تاغۇ تاش سادا قىلدى ئۇنىڭ سۆزىنى،
شاۋقۇنلاپ تاغ سۇلىرى ئۇزاققا ئاقتى.
گۈلدۈرلەپ چاقتى كۆكتە يالقۇن ـ چاقماقلار،
بورانقۇش گۈركىرەپ شەرققە باقتى.
خانتەڭرى قارلىرى، قەدىم مۇزلۇقلار
زەر قۇياش نۇرىدا يارقىن پارقىرار.
شۇ سۆزنى ئەبادىي پۈكتى قەلبىگە
قار ـ مۇزلۇق چوققىلار،
ئۆچمەس قارىغايزار.

ئانا يەر!
پورۇقلاپ قايناپدۇ مەڭگۈ،
كۆكسۈڭدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاقلار.
كۆرەشچان ئاتىلار ئۆلسە، گۆدەكلەر
ئىزىغا ۋارىس بوپ، جەڭگە ئاتلىنار.

سۆيۈملۈك ئەخمەتجان، كۆز يۇمساڭمۇ گەر،
ئاۋازىڭ ياڭرايدۇ ناخشىمىزدا تەڭ.
سەن ئەرك ـ جەسۇرلۇق داستانلىرىنى
پۈتكەنتىڭ ئەلنىڭ ساپ تۇيغۇسى بىلەن.
ئۆزۈڭ بىر قىلىچ ئىدىڭ، سۆزۈڭمۇ قىلىچ،
تىترىدى دۈشمەنلەر ئالدىڭدا تالاي.
قالدى جەڭ ئوتلىرى ئۇپۇققا رەڭداش،
قەبرەڭدىن ئۇنۇپتۇ ئۆچمەس قارىغاي.

سەن ئەلنىڭ غېمىنى ئۆز غېمىڭ بىلگەن،
ئوت ـ يالقۇن تۇتاشتۇرغان ئەلنىڭ قەلبىگە.
ناتىقلىق سەنئىتىڭ يۇلتۇز چاقناتقان،
دەريانىڭ دولقۇنى ئوخشار قەلبىڭگە.
مۇلايىم ۋە ئاددىي، كەمتەر بىر سىيما
تۇرىدۇ مىليون دىل كۆزىدە يارقىن.
ئەمەسسەن كارامەت ـ ھېكمەت ئىگىسى،
يا قىيان پەسلىدىكى ئۆتكۈنچى چېقىن.
قەلبىڭدە پەقەت ئەل مېھرى مۇجەسسەم،
قېنىڭدا ئۇرغۇغان بوۋىلار قېنى.
ئۇلار پاك ئۇمىدنى بېغىشلاپ ساڭا،
ئاداققى جەڭلەرگە يوللىغان سېنى.
ئانا يەر مۇبارەك بىلدى ئىزىڭنى،
بوۋاقلار كۆزىدە ئويناپ تەبەسسۇم.
ئاتىلار باغلىدى پوتىنى مەھكەم،
قەسەمىيات سۇيىدىن ئىچىپ بىر يۇتۇم.
ھېلىمۇ تۇپراق ۋە تاغلار كۆكسىدە
شۇ قانلىق جەڭلەرنىڭ ئىزنالىرى بار.
قىيالار بېتىدىن قاڭقىغان ئوقنىڭ
ھىدىنى ئېپ كېلەر ئۆتكەن شاماللار.
بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ سۆزلەيدۇ بەزەن
ياردار جەڭچى سۇ ئىچكەن شۇ دەمنى.
يۇلغۇننىڭ چېچىكى ـــ جەڭچىنىڭ قېنى
سۆزلەيدۇ شۇ يەردە باتۇر ئۆلگەننى.

كۆۋەجەپ ئاققان ئۇ ئەزىز دەريالار
لېۋىدە ھېلىمۇ گۈلخان ئىزى بار.
مەيلى يۈز ئەسىرلەر ئۆتسۇن بەربىر،
ئۇ جەڭلەر تارىخىدا ئۆچمەس ـ پارقىرار.
مەن تېخى ئىلىنى كەزمىدىم تولۇق،
ئاتىلار ئاغزىدا باردۇر كۆپ داستان.
شائخەيدە، تۇرپاندا، خوتەن، ئاقسۇدا
ئۇ قانچە تەسىرلىك ئىزلار قالدۇرغان...

4

كۆپ يىللار ئۆتتى مانا،
ئۆسۈپ ئەر يەتتىم،
چۈشەندىم نە ئۈچۈن يىغلىدى خەلقىم.
ئوتتۇز بەش ياشلىق گۈل ـ غۇنچە ئۆمرىنى
قىلغانىكەن ئەخمەتجان ئەل ئۈچۈن تەقدىم.
بەس!
باھا بەرگۈچى مەن ئەمەس، تارىخ!
تارىخنى ياراتقان قەھرىمان خەلق.
خەلقنىڭ باھاسى — مېنىڭ قوشىقىم،
شۇ قوشاق ۋەسلىگە ئاشىقمەن ـ ئاشىق.
مەن نېچۈن سۆيمەيمەن ئۇ سۆيگەن گۈلنى،
مەن نېچۈن سۆيمەيمەن ئۇ سۆيگەن يەرنى.
باللار سۆيۈندۈق يېڭى دۇنيادىن،

ئاتىلار قان كېچىپ قىلغاچقا جەڭنى.
ئەي ئىلى، كۆكسۈڭدە نەپەس ئالغاندا،
ئەخمەتجان نەپەس ئالغان هاۋا بۇ دەيمەن.
ئەي ئىلى، سۆيۈڭنىڭ هەر قەترىسىنى
ئەخمەتجان تەم قوشقان قىيام بۇ دەيمەن.
پۇرىسام گۈلۈڭنى، يېسەم نېنىڭنى،
ئەخمەتجان يادىمغا كېلىدۇ هامان.
ئۇ سۆيگەن ماكان بۇ، ئۇ كۆيگەن ماكان،
دەر شۇڭا هەر گىياھ:
بىزنىڭ ئەخمەتجان!
دالىلار، سەهرالار، باغلىرى سىرداش،
ئەخمەتجان كېلىدۇ يېزا يولىدا.
بۇلاقلار، ساي ـ سايلار، تاغلىرى مۇڭداش،
ئەخمەتجان كېلىدۇ دەريادا ـ سالدا.①
يا روهى سىڭدىمۇ سۇ بوپ زېمىنگە،
بىلمىدىم، بۇلاقلار قەلبىگە ئوخشاش.
يا روهى ئۇزەمدۇ سامادا ـ كۆكتە،
يالقۇنلۇق يۈرىكىگە ئوخشار ئاي، قۇياش!

1981 ـ يىل ئاپرېل ماي، غۇلجا
1983 ـ يىل ئۈرۈمچىدە تولۇقلاندى

① ئەخمەتجان ئەپەندى 1949 ـ يىلى شەرقىي بەش ناهىيىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تۈگىتىپ تېكەستىن سال بىلەن غۇلجا شەهرىگە قايتقان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەن تۈنجى ئوقۇتقۇچۇم

(لىرىك داستان)

*— بۇ داستانىمنى ئانا مەكتىپىم غۇلجا شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 100 يىللىق تويىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.*

يۈز يىللىق تويۇڭنى ئويىندىم، ئەمما
كېلەركى ئەسىرلىك تويۇڭدا مەن يوق.
قۇتلىغاي ئۇ چاغدا تويۇڭنى چەۋرەم،
روھىمنى ياد ئېتىپ، شېئىرىمنى ئوقۇپ.

— خاتىرەمدىن

1

ئەي مېنىڭ مەكتەپداشلىرىم،
ساۋاقداشلىرىم!
شۇ تاپتا ھاياجاندىن
ئېرىمەكتە تامامۇ ئۇستىخانلىرىم،
بۇلاقتەك تاشماقتا كۆز چاناقلىرىم...

بىز ئولتۇرغان مۇشۇ پۇتبول مەيدانى،
ئاۋۇ سېرىق تاملىق سىنىپلار
يۇتىۋەتتى مېنى شۇ تاپتا.
يۇتىۋەتتى،
ئاق چاچلىرىم قېنى مېنىڭ،
ئاق چاچلىرىم قېنى؟!
مەيداندا توپ تەپمەكتە
قوڭۇر چاچلىق ئاقسېرىق بالا...
كەچۈرۈڭ ئەمدى،
مەن قانداق توختىتاي بۇ كۆز يېشىمنى.
باللار پاراتتىن ئۆتكەندە،
ياشلىقىم ئۇلار بىلەن بىللە كېتىۋاتسا.
مەن قانداق چىداي،
دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىۋاتسا،
ساۋاقداشلىرىم يۈگۈرۈشۈپ سىنىپقا
كىرىپ كېتىۋاتسا.
ئەرلەر كۆزى — قاغجىرىغان چۆل،
بىلمەيدىكەنسەن بۇرادەر، ئەمما
مۇنداق چاغدا
ئۆپكەڭ ئۆرۈلۈپ قىيان ئاقسا...
بۇ مېنىڭ باللىق يېشىم، ياشلىق يېشىم،
قىرىق يىللىق جاپاكەش،
سېغىنىش يېشىم!

ئانا مەكتىپىم، سەندىن ئايرىلىپ،
نېمىلەرنى كۆرمىدى بېشىم!
تالاي ـ تالاي بولدى كەچمىشىم.
بۇرادەرلەر،
بىزلەر مەكتەپداش، بىزلەر ساۋاقداش،
بىر ئۇۋىنىڭ ئۇچقان قۇشلىرى.
ئۇۋىمىزغا يىغلدۇق يەنە، قەدىردان ئانا،
يۈز يىللىق تويۇڭغا گۈللەر تۇتقىلى.
ئۇچۇپ كەلدى ئەنە كۆكتىن سۇمۇرغلار،
قارلىغاچلار، ئوماق سۇمبۇللار،
ئاي تۇغقانلار، يۇلتۇز يۇتقانلار،
يىراق ـ يىراق كەتكەنلەر...
كېلەلمىدى، بىراق ۋاي، ئىست،
سېنىڭ ئۈچۈن كەتمەنلەنگەنلەر!
ئۇلار چېلىشىپ كونا دۇنيا بىلەن،
يىراق ئورۇس يەرلىرىدىن،
قازاندىن، ئىستانبۇلدىن،
ئېلىپ كەلگەندى كاستۇم ، شلەپە،
مەكتەپ ۋە كىتاب...
ئېلىپ كەلگەندى ئۇسۇلى جەدىت ①
سانايىنەپىسە،② جەڭگىۋار خىتاب!...

① يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى.
② 30 ـ يىللاردا ئىلىدا قۇرۇلغان سەنئەت ئۇمەكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇلار «ھەرەمباغ» جەڭلىرىدە،
باجاخۇ، جىلى يۇرۇشلىرىدە،
شىخونىڭ بىلىنداۋ ـ خەندەكلىرىدە،
بىر سىنىپ ئۇچۇن،
بىر پارتىيە ئۇچۇن،
ئېلىپ كەتتى مۇھەببىتىڭنى باقىي ئالەمگە...
قانداق ئىدى ئۇ ئىنقىلاب،
قانداق ئىدى! يېڭى دۇنيا يارىتىش ئۇچۇن،
مەكتەپ ئۇچۇن ـ مەرىپەت ئۇچۇن،
زېمىن تەۋرەپ كۆتۈرۈلگەنىدى.
تۈلكە تۇماقلىق باھادىر قوشنىڭ
مائۇزېرىنى يالىڭاچلاپ،
ۋىژىلدىغان ئوقلار ئارىسىدىن،
كۆككىۋرۈكنى دۈكۈرلىتىپ،
ئالا ئېتىنى چېپىپ ئۆتكەنىدى...
ئەنە لەڭشاڭدا،
ئوقلار قار توزۇتار،
پىلىموت تارتىلدار،
يارىدار جەڭچى ئىڭرار،
پېشانىسىدە مەكتەپ سۈرىتى،
لەۋلىرىدە ئوقۇلمىغان كىتاب بەتلىرى...
سىلەر ھازىر قەيەردە،
مەرىپەتپەرۋەر مۆھتەرەم زاتلار:

كەنجى قۇم،①
ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوۋپ،②
مەرۇپ سەئىدى، ئابدۇسالام ئەسقرى③
سلەر ھازىر قەيەردە،
ئابدۇكېرىم ئاباسوف، غەنى كەرىموف،
ئوسمانجان ناسرى،
زوردۇن سابىرى؟...
قەبرەڭلەر نەدە؟ نەدە ھەيكىلىڭلار؟
ئۇلارنىڭ قەبرىسى مەكتەپتە،
ھەيكىلى قەلبلەردە،
روھى سىنىپلاردا...
سۆزلەيدۇ ھەر كۈنى باللارغا:
«ئىنسان ياشاش كېرەك شۇنداق:
بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت
كىتاب، كىتاب...
ئوقۇ! ياز!
ئوقۇ! ئوقۇ!!!
زىخرۇللام پوتەيگە ھۇجۇم قىلغاندەك،
تۇنجى مۇھەببەت يۈرەكنى تىلغاندەك،
جېنىڭ بىلەن، قېنىڭ بىلەن،
ئەجداد روھى ئۈچۈن،
ئەۋلاد بەختى ئۈچۈن،
ئوقۇ! ئوقۇ! ئوقۇ!!!»

①②③ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرغۇچىلار.
④ زىخرۇللام نادىروف — ئۈچ ۋىلايەت ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2

شۇنداق، ساۋاقداشلار!
ئۇزاق بولدى ئۇ يىللارغا.
ئۇ چاغلاردا بالا ئىدۇق،
ياش ئىدۇق، نوۋەر ئىدۇق...
مانا ئەمدى
يىگىتلەرنىڭ بېشى ئاق چوققا،
ئايقىزلارنىڭ گۈل يۈزى
ئوخشاپ قالدى قېرى قوۋزاققا...
بىراق،
ئېيتمىساڭلارمۇ كۆڭلۈڭلار ئايان:
بۇ ئانا ئۇۋىغا قونۇپ،
ساۋاقداشلارنى كۆرۈپ، چۇۋۇلدىشىپ،
بوپقالدىڭلار يەنە بالاپان.
ئالدىڭلاردا دوسكا ۋە سىنىپ،
يەنە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستاز قەدىردان.
يەنە قىزلار، يىگىتلەر،
تۇنجى مۇھەببەت،
كەچكى تەكرار...
ياشلىق كۈلۈمسىرەر ئەتراپتا مىسكىن:
«ھاۋادىكى لاچىنلار»،
«بالا مىسكىن...»

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 3

ئېسىمدە ساڭا تۇنجى كەلگەن يىلىم،
سىنىپتىن
دوپ دەرىخىنى كۆرەتتىم.
قىش كۈنى،
بوتانىكا ئۆتكەندە ئۇستاز ئۆمەرجان،
نەشپۈت ئۇرۇقىنى
قەيەردىن تاپاي دەپ خىيال سۈرەتتىم.
ئېسىمدە:
گېزىتكە چىققان تۇنجى شېئىرىم،
شۇ چاغدا سەن مېنى كۆتۈرۈپ:
«شائىر بولىدۇ بۇ ئوغلۇم!» دېگىنىڭ.
ھەي ئۇ يىللار، يىللار،
قانداق جۇشقۇن يىللار ئىدى،
كېچە يوق ئىدى،
ئۆزىمىز ئاي، ئۆزىمىز قۇياش ئىدۇق،
شوخ ئىدۇق، بەگۇاش ئىدۇق.
پاۋىل كورچاگىندەك ئىجتىھات بىلەن
ياشاشنى ئىستەيتتۇق...
مۇھەببەت،
ئالىي مەكتەپ!

سۆيگىنىڭ بىلەن بىللە تەكرار قىلماق،
بىللە ئالىي مەكتەپكە بارماق!
ھەي، ئۇ قىزلار، يىگىتلەر
بىر گۈل ئىدى، بۇلبۇل ئىدى.
ئەقلىي كامىل،
ئەدەپ ـ ئەخلاقتا نۇر ئىدى،
يۈكسەك ئىدى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ غايىسى...

4

ھەي، مانا بۈگۈن،
ئۇچۇپ كەلدى ئاشۇ بالاپانلىرىڭ
دوكتور، ئالىم، يازغۇچى بولۇپ.
ئېلىپ كەلدى ئۇلار يەنە،
ئاجايىپ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى،
بارىنى ۋە يوقاتقىنىنى...
يوقاتمىدى ئەمما ئۇلار،
كۆز يېشىدا تۇگمەن چۆرگىلىسىمۇ،
سەن قەلبىگە ياندۇرغان مەرىپەت چىرىغىنى...
رەھمەت ساڭا ئانا، رەھمەت،
بىزگە مەڭگۈ ئۆچمەس،
مەڭگۈ كۆچمەس،
مەڭگۈ تۈگىمەس بىلىم ـ بايلىق بەرگىنىڭگە!

ئەي، كامالىي مۆھتەرەم،
يۈز ياشلىق بۇزۇرۇكۋار ئانام.
ۋاقتىنىڭ ئېرىگەن بۇ شېرىن قۇچىقىدا،
ئېرىگەن تەنلەردە بىر سەبىي ئارمان:
شۇ تاپتا،
ئۇنتۇپ دۇنيانىڭ دەردۇ ئېسەسىنى،
ئايلىنىپ كەتسەك ئىدۇق باللىققا.
يۈگۈرۈشۈپ ـ دۈكۈرلىشىپ،
كىرىپ كەتسەك ئىدۇق سىنىپلارغا...
چاچلىرىنى ئويناپ قىزلارنىڭ،
باراۋان چالساق پارتىلاردا.
بىز مەڭگۈ سېنىڭ بالاڭ!
ئەي ئانا مەكتىپىم —
باللىقىم، ياشلىقىم،
سەن تۈنجى ئوقۇتقۇچۇم،
تۈنجى مۇھەببىتىم، شادلىقىم!

2001 ـ يىل، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرى توغرىسىدا

(تەقرىزلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

## دولقۇن روزى

ئابلەت ئابدۇللا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئۆزگىچە كۆ-رۈش نۇقتىسى، ئاكتۇئال دۇنيا قاراش بىلەن كىرىپ كەلگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ سالماق تەپەككۇر، قىزغىن ھېسسىيات، ئىجادىي پىكىر ئىزچىللىقى بىلەن خاراك-تېرلەنگەن ئەسەرلىرى خاسىيىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي دۇنيا ياراتتى. شائىر ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى، ھايات دولقۇنلىرىدىن ئالغان نە-پىس تۇيغۇلىرىنى ئانا زېمىن، خەلققە بولغان مۇھەببىتى، چىن ئەقىدىسى، يىمىرىلمەس ئېتىقادى بىلەن سۇغىرىپ ئىپادىلەشكە تىرىشتى. ئۇنى شېئىردىن ئىبارەت ئەركىن شەكىل ۋاستىسىدە ماددىي ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ۋە بىزگە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى؛ تۇرمۇش تەسىرات-لىرىنى ئۆز تەپەككۇرى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ چايقىشىدىن ئۆت-كۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شېئىرخۇمار خەلقىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

بىز شائىر ئەسەرلىرىدىكى لىرىكىلاشقان مەنىۋى كەيپى-
يات، پىكىرلەشكەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتتىن بارلىققا كەلگەن
شېئىرىي مۇھىت ۋە قايناق لىرىكا ئېقىنىغا جور بولۇپ، گويا
شىددەتلىك ھايات دېڭىزى ئارا ئۈزۈۋاتقاندەك، خىلمۇخىل
خاراكتېرىدىكى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، ئالىيجا-
نابلىق ۋە رەزىللىك، مۇھەببەت ـ نەپرەت، بەخت ۋە ئازاب
رېئاللىقى ئالدىدىكى قىسمەتلەرگە شاھىت بولۇۋاتقاندەك
ھېسسىياتقا كېلىمىز. مەن بۇ ماقالەمدە شائىرنىڭ شېئىر ئى-
جادىيىتىدىكى ۋەكىللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرىنى ئۆ-
زەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئورىگىناللىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى، رېئال شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ شەكلەن ھالىتىنى، تاشقى پوستىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئۇنىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنى قېزىشقا ماھىر بولۇش، ھاياتنىڭ ئىچكى ساداسىنى تىڭشاشقا، ھايات ھەقىقەتلىرىدىن ئالغان سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلىرىنى پەلسەپىۋى ھېكمەت، ئېستېتىك ئانالىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھې-
سابلىنىدۇ.

ئابلەت ئابدۇللا ئۆز نۆۋىتىدە ھاياتقا كۈچلۈك مۇھەب-
بەت باغلىغان، لىرىك تۇيغۇ گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىزغىن ھېسسىيات تىپىدىكى شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز شېئىرلىرىغا تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىدىن مەنە ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، سوغۇق قان ئەقلىيەت تىپىدىكى شا-

ئىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى ھېك-مەتلەر ھەرگىزمۇ ئابستراكتلاشقان ئۇقۇملارنىڭ مـەھـسـۇلى بولماستىن، ھېسسىي قىزغىنلىق بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇر-نىڭ ئېستېتىكىلاشقان ھالەتتە رويابقا چىقىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ شېئىرلارنى ئۇقۇغانسېرى ھېسسىي تۇيغۇمىز لەرزىگە كې-لىشكە باشلايدۇ، ئەقلىي چۈشەنچىمىز، تەپەككۇر قۇۋۋىتىمىزمۇ شېئىرغا ماس قەدەمدە كۈچىيىپ بارىدۇ. شائىرنىڭ «چىدىساڭ ياشا» دېگەن شېئىرىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ تەخت بىرگە بىر پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت ياندىشار،
بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا!

بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلىمەيمەن، ئۆزۈڭدە گۇناھ.
ئالتۇن بول، تۇپراق بول سەن ئۆزۈڭ دۇنيا،
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز «ئاھ، ۋاھ»،
بۇ دۇنيا بىرگە بىر، چىدىساڭ ياشا!

شېئىردا ياشاشنىڭ قىممىتى، ئادەم بولۇش ھەقـقـىـدە كەسكىن پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ، ھاياتنىڭ زىددىيەتلىك ماھىيىتى يارقىن پەلسەپىۋى ھېكمەت بىلەن ئېچىپ بېرىلىدۇ. شائىر

www.uyghurkitap.com

دارۋىننىڭ «تەبىئىي تاللىنىش» قانۇنىيىتىنى شېئىرنىڭ مەنە قاتلىمىغا ئوبرازلىق يوسۇندا تەتبىقلايدۇ. بۇ ئارقىلىق شېئىر- نىڭ ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمىدە جەۋلان قىلىشى ۋە ئەقلە- يەت ئامىللىرى بىلەن تويۇنۇشقا شارائىت يارىتىپ، ھېسسىيات ۋە مەنىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مەلۇمكى، دۇنيا قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى. بىز بۇ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىمىز. ئەگەر بۇ قىممەتلىك يا- شاش پۇرستىنى قەدىرلىمىسەك، ھاياتىمىزنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن! «ھايات كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر.» بىز غەلىبە بە- لەن مەغلۇبىيەت، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش، بەخت بىلەن بەختسىزلىك قاتارلىق سانسىز «بىرگە بىر»لەرنىڭ دەۋرىيلىك ھەرىكىتى قورشاۋىدا ياشايمىز. مۇبادا ياشاش ئىرادىمىزنى تاۋلاپ تۇرمايدىكەنمىز، روھ، ئەقىل تاكامۇللۇقى يولىدا ئىز- دەنمەيدىكەنمىز، دۇنيانىڭ ئاشۇ «بىرگە بىر»لىك مەنتىقە- سىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. نەتىجىدە، روھىي مەغلۇبە- يەتنىڭ قۇتراتقۇچىسى بولغان «شەيتان» بىزنىڭ «ئەقىل مېۋىمىز»گە سوغۇق قول تەگكۈزىدۇ، شەپقەتسىز «رىزىق كۈرىشى» بىزنى شاللاپ تاشلايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن «ئەزىمەتلەرنى نەدىن تاپىمىز؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «روھىي ئاجىزلىق بارلىق مۇد- ھەرزلىكنىڭ ئانىسى» دېگەن ئىدى. بىز بۇ ھېكمەتنى شېئىر- دىكى «چىدىساڭ ياشا!» مەنتىقىسىگە باغلايدىغان بولساق تېخىمۇ قىممەتلىك پەلسەپىۋى ھاسىلاتقا ئېرىشىمىز. «يىقىل- ساڭ يۆلىمەيمەن، ئۆزۈڭدە گۇناھ» تەقدىرنىڭ بىزگە بەرگەن

ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرگىز جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلارغا قارىتىلغان بولماستىن، «تىرىك ۋاقتىدا قەبرىسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئۆز رىزقىنى باشقىلارنىڭ ئېتىبارىدىن ئىزدەيدىغان ‹خەير ـ ئېھسان خۇمار روھىي ئۆ-لۈمتۈكلەر›گە قارىتىلغان. ئەلۋەتتە يىقىلغانلارنى يۆلەش ئىن-سانىي ئەخلاق مىزانىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىراق، يۆلەش چەكتىن ئېشىپ كېتىدىكەن، تەبىئىيكى بۇ يۆلەش ئوبيېكتىدا بارا ـ بارا يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۇلارغا قەستەن زىيانكەشلىك قىلىشتىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. گېرمان پەيلاسوپى نېتزىنىڭ «دۇنيادا ھاسا بولغاچقىلا توكۇرلار كېلىپ چىققان» دېگەن سۆزىنىڭ ئۇلۇغ-لۇقى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

شائىرنىڭ «ھەر كىشىگە ھەر رەڭدۇر دۇنيا»، «ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىش»، «تۇرمۇش»، «ئېتىقادتا گۈزەلدۇر دۇن-يا» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ ھېسسىيات بىلەن ئەقلىيەتنىڭ نىس-بىتى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، ئېستېتىك ھېكمەت يۇرىقى كۈچلۈك شېئىرلىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

ئىككىنچى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تارىخلاشقان زامان، ماكان ئېڭىغا ئۇلمەس ھاياتىي كۈچ بېغىشلاش، مۇرەككەپ تارىخىي مەزمۇن تىندۇرمىلىرىنى شېئىر رېئاللىقىدا قايتا تىرىد-لىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىش، تارىخ روھىنىڭ كىشىلەر مەنىۋىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاشمۇ شائىر ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

www.uyghurkitap.com

«سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان يەر» شائىرنىڭ قويۇق
تارىخ تۇيغۇسىغا ئىگە شېئىرلىرىنىڭ بىرى. شېئىر تارىخىمىزدا
ئۇنتۇلماس سەھىپىلەر قالدۇرغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»
تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگە-
چىلىكى، پىكىر سىغىمچانلىقىنىڭ چوڭلۇقى، ھېسسىي بېشارەت
كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى قاتارلىق جەھەتلەردىن ھازىرغىچە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەزكۇر تېمىدا بارلىققا كەلگەن شېئىرلار
ئىچىدە ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر تارىخنى نوقۇل تا-
رىخنىڭ خاتىرىلىگۈچىسى سۈپىتىدە رويخەتكە ئېلىپ قويۇش
بىلەنلا چەكلىنىدىغان تەزكىرە نەزمچىلىكى خاھىشىدىن ساق-
لانغان. «سابىق كاپىتان»نىڭ چىن ئەسلىمىسىنى بەدىئىي ھالقا
قىلىپ تۇرۇپ، ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننىڭ روھىنى تۇتاشتۇرۇشقا
كۆڭۈل قويغان، شائىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ شېئىرىدىكى ئەر-
كىنلىكىنى بوغۇشتىن، شېئىرنىڭ قانات يېيىشىغا قارىقويۇق ئا-
رىلىشىۋېلىشتىن خالىي بولۇش بىلەن بىرگە يەنە شېئىرنىڭ
ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان رامكا ئىچىگە بەند بولۇپ قېلىشى-
نىڭمۇ ئالدىنى ئالغان. ئۇ تارىخىي تۇيغۇنىڭ چىن ۋە ساپ
بولۇشىغا زېھىن قويۇپ، شېئىرنىڭ ھېسسىي تەسىرچانلىقىنى
ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغان. «سابىق كاپىتان»نىڭ ئۆزى
ئەينى يىللاردا پوستتا تۇرغان «باش شتاب» ئالدىغا كەلگەندە
ئۆزىنىڭ ياشانغانلىقىنى، ئاقساقلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، قاي-
تىدىن پوستتا تۇرۇشلىرى مۇشۇ ياشتىكى پېشقەدەم ئەسكەر-
لەردە بولىدىغان ئۆتمۈشتىن پەخىرلىنىش پىسخىكىسىغا ناھا-
يىتى ماس كەلگەن بولۇپ، بىزگە قىلچە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۆزى قىرىسىمۇ روھى قىرىمىغان قەيسەر ھالىتى بىزنى زوقلاندۇردى. شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن شائىر «شېئىرىي مونتاژ»نىڭ شېئىر مۇھىتىنى جانلاندۇرۇش، شېئىرىي كەيپىياتنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشتىكى رولىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. بىز «سابىق كاپىتان»نىڭ ئۆزۈك - ئۆزۈك ئەسلىمىلىرىنى يىپ ئۈچى قىلىپ تۇرۇپ جەڭگىۋار يىللارنىڭ ئۇنتۇلغان دەقىقىلىرىگە قايتىمىز.

بىلەمسىز ئۇكام،
ئۇ يىللاردا ئوق بولغان ئىدۇق
دۈشمەن كۆرۈنگە يەرلەردە.
ئۇ يىللاردا شوخ بولغان ئىدۇق،
دۈشمەننى قوغلاپ
ئۇررا توۋلاپ
ئۇ كۆكتۈللۈك سەپەرلەردە...
بىز پىخوت ئىدۇق،
بىز ئاتلىق ئەسكەر ئىدۇق.
«يىقىلماس»لارنى،
مانا بىز يىقىتقان ئىدۇق...
ئالتاي تاغلىرىدىن،
جۇڭغار دالىلىرىدىن
بوراندەك ئۇچۇپ ئۆتكەن ئىدۇق.
دالىدا گۈلخان يېقىپ،
كونسېرۋاغا پىچاق سېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئادرېسى

سوخار غاجىلاپ
سادىر قوشاقلىرىنى توۋلىغان ئىدۇق.

شائىر «لىرىك چېكىنىش»نىڭ شېئىرغا تارىخىي ئەينەن-
لىك تۈيغۇسى بېرىش ۋە تارىخ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى
مەنىۋى ئارىلىقنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈمدىنىمۇ
جايىدا پايدىلانغان، بۇ خىل بەدىئىي يەتكۈزۈش ئۇسۇلى شې-
ئىرنىڭ بەدىئىي جەلپكارلىقىنى كۈچەيتكەن. بىز گويا «سابىق
كاپىتان»غا سەپداش بولۇپ، «ئالتاي تاغلىرى»، «جۇڭغار
دالالىرىدا قىلىچ شىلتىپ»، «ئات چاپتۇرۇپ» كېتىۋاتقاندەك
بولىمىز. شائىر تەسەۋۋۇر كۈچىدە ئاجايىپ تەبىئىي، جانلىق
مەنزىرىنى سىزىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، باتۇر ئە-
زىمەتلەرنىڭ ئادالەت، هۆرلۈك ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەش
قىلغان يىللاردىكى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماس روھى ۋە جاسا-
رىتىنى كۆز ئالدىمىزدا ئەينەن يورۇتۇپ بەرگەن. قاراڭ ئۇلار
«گۈلخان يېقىپ» ئاي دالىدا تۈنەشكە، «كونسېرۋا»، «سو-
خار» يېيىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي
كۆرەش دائىرىسىدىن، ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئۆلۈم ئال-
دىدىمۇ كىشىگە مەنىۋى قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان «سادىر قو-
شاقلىرىنى توۋلاپ» ئۆز روھىنى تاۋلايدۇ. بۇ نېمىدېگەن چىن
ۋە تەسىرلىك شېئىرىي مەنزىرە ــ ھە!

ئۇلار بىلمەيدۇ ـــ
ئۇ يەردە قانلار تۆكۈلگىنىنى،

دوستۇم رەھمەتنىڭ
يېزىسىدىكى ئانىسىنى چاقىرىپ ـ يادلاپ،
ئاداققى سۆزىنى سۆزلىگىنىنى...
ئۇلار بىلمەيدۇ
بىز لەگشاگنى ئالغاندا،
«قاراباغ»قا ھۇجۇم قىلغاندا،
چوماق تۇتقان بوۋايلارنىڭ،
دۇئا قىلغان مومايلارنىڭ،
ئاتاكىغا ئاتلانغان يىگىتلەرنىڭ،
سانىتاركا قىز ـ جۇۋانلارنىڭ
قانداق جەڭ قىلغىنىنى
قانداق ئۆلگىنىنى،
قانداق كۈلگىنىنى...
بۇ كۈلكە—
نەچچە مىڭ يىل يۈرەكتە ساقلانغان،
لەنەت ـ نەپرەت بىلەن داغلانغان...
شۇ كۈلكە ئۈچۈن—
بەرگەن ئىدۇق ياشلىقنى،
قىز ئورنىغا مىلتىقنى قۇچاقلاپ
بەرگەن ئىدۇق،
مۇھەببەتنى، شوخلۇقنى.

بىز «سابىق كاپىتان»نىڭ تارىخ ئېگى سۇسلاشقا باشـ
لىغان ياشلارغا قىلغان خىتابلىرىغا قۇلاق سالغاندا، خۇددى بىر

قېتىملىق ئويلاندۇرۇش، تەربىيەت كۈچى زور، ئوبرازلىق تا-رىخىي دەرس ئاڭلىغاندەك بولىمىز. ئەجدادلارنىڭ ئانا زې-مىنىنىڭ بىر قېتىم يۇخادىن چىققۇچە كۈلۈۋېلىشى ئۈچۈن قاندى-چىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بىزنىڭ ھازىر ئېرىشكىنىمىز يىلتىزسىز كۈلكە، يوقاتقى-نىمىز قىممەتلىك تارىخ روھى بولۇپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ دې-گەن سوئاللار بىزنى يۇچىلايدۇ. دېمەك، شائىر بۇ ئەھمىيەت-لىك تېمىغا ئەستايىدىل قارىغان ۋە بۇ ئارقىلىق بىر نەچچە داستان يېزىپمۇ ھۆددىسىدىن چىقىش تەس بولغان مەزمۇنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، شېئىردىكى تارىخ روھى سىڭگەن سىمۋوللۇق بېشارەتلەرگە يۇزلەنسەك تېخىمۇ چوڭقۇر مەنى-لەرنى قېزىشقا قادىر بولالايمىز. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىر ئار-قىلىق «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا يىقىلماس بەدىئىي ئابىدە تىكلەپ بەرگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

ئۈچىنچى، شېئىرنى سىمۋوللۇق تەركىبلەر بىلەن بېيىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش، سىمۋوللۇق قۇدرىتىدە بارلىققا كەلگەن نە-پىس شېئىرىي مۇھىتنى ئويناق تىل، قويۇق رومانتىك كەيپى-يات، ئادىمىي تۇسكە ئىگە قىلىنغان تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن جانلاندۇرۇش ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

قېنى، شائىرنىڭ مۇشۇ خىل بەدىئىي ئالاھىدىلىكنى ئۆ-زىگە مۇجەسسەملىگەن «بىر گۈزەل كېلىنۋاتىدۇ» دېگەن شې-ئىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

ئاھ، بىر گۈزەل كېلىۋاتىدۇ،
كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم.
چاچلىرىدا كۈلەر بوستان تال،
لەۋلىرىدە باللىق مەسۇم.

ئۇ باغلارغا تاشلىدى نىگاھ،
گۈل بېغىدىن ئويغاندى بىر قىز.
ئۇ دالاغا تاشلىدى نىگاھ،
ئاق تونىدىن يېشىندى ئېتىز.

تىنىقىدىن كېلەر گۈل ھىدى،
ۋە قۇياشتا چاقنايدۇ ئەكسى.
يەر تەرلىدى ئۇنىڭ ئىشقىدا،
زۇمرەت تۆكتى قىيالار كۆكسى.

شېئىر گويا خەۋەرچى قارلىغاچلاردەك تەگداشسىز بىر گۈزەلنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. شائىر نەپىس تىل رەڭلىرى بىلەن سىزىپ چىققان بۇ «گۈزەل»نىڭ «كۆز»لىرىدىن ئىللىق «تەبەسسۇم» تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى، ھەتتا «بوستان چاچلىرى»مۇ كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇ سېھىرلىك «نىگاھ» تاشلىغان «گۈل» بېغىدىن ساھىبجامال «قىز» تۆرىلىدۇ. ئۇنىڭ «تىنىقى»دىن «گۈل ھىدى ئۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ «ئىشقى» مۇھەببىتى خاسىيىتىدىن «ئېتىز»لار تەرلەشكە باشلايدۇ. پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىلاھىي پروتوتىپ ـ ھە! گەرچە شائىر ئەنئەنىۋى رېئاللىزىملىق ئۇسلۇبتىكى شېئىرلاردىكىدەك بۇ «گۈزەل»نىڭ كىملىكى ھەققىدە ئاشكارا ئىزاھ بەرمىگەن بولسىمۇ، بىز شېئىردىكى سىمۋوللۇق بېشارەتلەردىن ئۇنىڭ ئادىمىيلەشكەن تەبىئەت مۆجىزىسى — باھار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنداق گۈزەلگە كىممۇ مەپتۇن بولمايدۇ دەيسىز.

پىچىرلايدۇ شامال ئورماندا،
«ئويغىنىڭلار! گۈزەل كەلمەكتە.»
ئېرىق بويىدا يالپۇز كۆز ئېچىپ،
ئۇ گۈزەلگە سالام بەرمەكتە.

قارشى ئالار پۈتۈن تەبىئەت،
ھېسسىياتقا باي خىيالچان سەھەر.
ئاشىقلارنىڭ گۈل سەيلىسىگە،
ئۇ گۈزەلدىن كېلىدۇ خەۋەر.

شېئىرنىڭ بۇ قۇرلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا بىز خۇددى چۆچەكلەردىكى خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولىمىز. بۇ «گۈزەل»نىڭ مۇھەببىتى قۇدرىتىدە «شاماللار»غا تىل چىقىدۇ، گىياھلار قىلىقلىنىدۇ، تەبىئەت گويا مەشۇقىغا تەلپۈنگەن يىگىتلەردەك كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، سەھەر ھېسسىياتلىنىدۇ، خىيال سۈرىدۇ. بۇ يەردە تەبىئەت بىلەن ئىنسان پىسخىكىسى بىرىكىپ كەتكەن مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. شائىر شېئىرىي

تىلنى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات مەنتىقىسى بويىچە قۇراشتۇرۇش يولىدا ئۇتۇقلۇق سىناق ئېلىپ بارغان بولۇپ، «گۈل بىخدىن ئويغانغان قىز»نىڭ لاتاپىتى ۋە «خىيالچان سەھەر»نىڭ جىلۋىسى بىزنى لال قىلىدۇ. دېمەك، شائىر ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ ئالەمنىڭ قوچاقلىشىشىنى خېلى ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

تۇتىنچى، شېئىرنى تەبىئەت، ھايات ۋە ئانا زېمىنغا بولغان مۇقەددەس ئېتىقاد، پاك مۇھەببەت بىلەن جۇلالاندۇرۇش، تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە ئانا زېمىننىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرىنى ئوبيېكتقا ئۇيغۇن ئېستېتىك سۈپەتتە ئۇلۇغلاشقا ئەھمىيەت بېرىشمۇ ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

«ئانا شەھرىم» شائىرنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى سەممىي ھېسسىيات بىلەن كۈيلەنگەن شېئىرلىرى جۇملىسىگە كىرىدۇ. شائىر بۇ لىرىكىسىدا زېمىننى ئۇلۇغلايدىغان باشقا شېئىرلاردىكىدەك مەزمۇن تەكرارلىقى، پىكىر مۇقىملىقى ۋە ھەددىدىن زىيادە ماختاپ مەدھىيىلەۋېتىش بىر تەرەپلىمىلىكىدىن خالاس بولغان. ئانا زېمىننى گۈزەللىكى ۋە مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلاشقا ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتتىكى ئېستېتىك ئۇيغۇنلۇقىنى ئىزدەپ تېپىشقا دىققەت قىلغان، ئىلگىرى يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمىزدىكىدەك ئانا زېمىننى ئۆزىگە مۇناسىپ سۈپەتلەر بىلەن كۈيلىمەستىن، ئۇنى گۈزەللىكتە، ئۇلۇغلۇقتا ھېچقانداق يۇرتقا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان غايىۋى جەننەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش سۈنئىيلىكىدىن

خالاس بولغان، ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن سۇبيېكتىپ ئۇيغۇن-
لىقنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەشكە ئېتىبار بېرىپ، ئىككى ياق-
لىمىلىقتىن ساقلانغان.

سەن يەتمەيسەن،
ئىستانبۇلنىڭ بىر كوچىسىغا،
نيۇيوركنىڭ بىر دوقمۇشىغا.
سەن يەتمەيسەن،
بېيجىڭنىڭ بىر باغچىسىغا،
موسكۋانىڭ بىر يانپىشىغا!...
زامانىۋى قىشلاقلاردىن بار نېمە پەرقىڭ،
ئەي ئانا شەھرىم.
لېكىن شۇنداقتىمۇ،
كېچەلمەيمەن يەنە سېنىڭدىن...

شائىر بۇ مىسرالاردا «ئانا شەھرىم»نى سەل كەمسۇن-
دۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، بىز ئۇنىڭ «ئانا شەھ-
رىم»نى ئۇلۇغلاشتىكى مەقسىتىنىڭ «ئاددىيلىقتىن ئۇلۇغلۇققا
يېتىش»، «تەبىئىيلىكتىن گۈزەللىك ئىزدەش»تىن ئىبارەت
ئېستېتىك غايە بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىماق قىلساق،
شائىرنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىدىكى راستچىللىق ۋە
تەبىئىيلىك چاچقان نۇر توچكىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر
بولىمىز. ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىك، ئەمما سۆيۈملۈك «ئانا شەھ-
رىمىز»دىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكىدىن سەۋەب ۋە سىرىنىمۇ

چۈشەنگەندەك بولىمىز.

گۈگۈم، خىلۋەت مەھەللىلىرىڭدە،
چاڭ ـ توزان، لاي كوچىلىرىڭدا،
يامغۇر ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ
تامچىلىرىدا...
ئاقىدۇ قەلبىم
ئەي ئانا شەھىرىم،
ئانا شەھىرىم!...

شائىر شېئىر ئارقىلىق «ئانا شەھىرىم» تېز سىزمىسىنى چېۋەرلىك بىلەن سىزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ «ئانا شەھىرىم»گە بولغان مۇھەببىتى ئانا سۈتىدەك پاك ۋە ھالال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سۈرەتلەشتە، سىزىشتا ھېچقانداق رەڭ ۋە بېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. شائىر شېئىردا «ئانا شەھىرىم»نى ئۇلۇغلاشتا «سەن جەننىتىم»، «سەجدىگاھىم»، «مەككەم»، «كەئبەم»، «تۇپرىقىڭ تۇتىيا»، «توپاڭنى كۆزلىرىمگە سۈرەي»، «تۇمار قىلىپ بوينۇمغا ئاساي» دېگەندەك قېلىپلىشىپ كەتكەن دەبدەبىلىك سۈپەتلەش ئىبارىلىرىنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قەلبىمىز شائىرنىڭ چىنلىق ۋە سەمىمىيەت بىلەن سۇغىرىلغان لىرىك سىزمىلىرىغا قوشۇلۇپ، «ئانا شەھىرىم»نىڭ پاتقاقلىق كوچىلىرىدا ئېقىشقا باشلايدۇ.

«ئىلى ئاخشىمى» شېئىرىمۇ شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئانا يۇرت مۇھەببىتى تاشقىنلاپ تۇرغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

كىچىككىنە بىر چېكىتتۇر، يەر شارىدا بۇ،
يۇرتىمىز بىلسەڭ قەلبكە تۇتاش.
ۋە لېكىن ئالەمنى سىغدۇرىدۇ ئۇ،
كۆكلى ئاق ئايدىڭدۇر، يۇرىكى قۇياش.

يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئاخشام،
يەتكۈزگۈم بار ساڭا مۇشۇ ناخشىنى.
مەن ئاخشام كۈيمەن، ئاينىڭ نۇرىمەن،
ھايات ۋە روھىمدا ئىلى ئاخشىمى.

شېئىردا «ئىلى ئاخشىمى» شائىرغا سۆيگۈ، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئىلاھىي ئانا سۈپىتىدە سىمۋوللاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىغۇبار كۆكلى «ئاپئاق ئايدىڭ»غا، يۈرىكى «قۇياش»قا تەققاسلىنىدۇ. بۇ «ئانا» مۇناسىپ ئىلاھىي ئۆزلۈككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى مەنىۋى سىغىمچانلىق جەھەتتىن «ئالەم»نىمۇ ئۆزىگە سىغدۇرۇشقا قادىر. ئۇ شائىرنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ قەلب ناخشىلىرىنىڭمۇ ئانىسى. بىز ھېسسىي ئوبراز «ئىلى ئاخشىمى»نىڭ يۈرىكىدىن شائىرنىڭ بەخت كۈيلىرىنى ئاڭلايمىز. ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن شائىرنىڭ ئۆلمەس ئۈمىدلىرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. بۇ «ئىلاھىي ئانا»نىڭ مۇھەببىتى شائىر روھىدىن ئۆ-

زىگە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق يىلتىزى تاپقان بولۇپ، «ئىلى ئاخشىمى»نىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن شائىرنىڭ روھىناتى پاياندىسىز ئېستېتىك مەنزىلدە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شائىرنىڭ «يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئاخشام»غا ئۆز ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئادەتتىكى مەنتىقىي پرىنسىپلار بويىچە كۆزەتسەك بىمەنىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ئەركىنلىكى ۋە ھېسسىيات مەنتىقىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا بىزگە ھېچقانداق مەنتىقىي مۇمكىنسىزلىك چۈشەنچىسى بەرمەيدۇ. شائىر بۇ خىل مەنتىقىي مۇمكىنچىلىك ئىمتىيازىدىن دەل جايىدا پايدىلانغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ناخشىغا ئايلىنىپ مەڭگۈ ئۆلمەي ياشاش ئارزۇسىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىلى ئاخشىمى»نىڭ روھىغا قوشۇلۇپ كېتىش ئارمىنىنىمۇ ئىزھار قىلىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ «يۈز يىلدىن كېيىن»، «بۈگۈنكى ئاخشام»نىڭ قايتىلىنىدىغانلىقى ۋە شائىرنىڭ قايتا تىرىلىپ ئۆز ناخشىسىنى يەنە ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىغا قارىتا قىلچە گۇمانىمىز قالمايدۇ. بىز ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كەڭلىكىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

شائىرنىڭ «ئىلى مۇھەببىتى»، «نىلقا توقايلىقى»، «تەلكىدىن ئۆتكەندە»، «ئىلى كۆۋرۈكى»، «ئېرەنلىكتىكى ئەستىلىك» شېئىرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئانا زېمىنى ئۇلۇغلايدىغان ئەسەرلىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

بەشىنچى، ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئىنسان تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

ئۇستىدە ئىنسانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئابلەت ئابدۇللا بەدىئىي ۋە ئېستېتىك غايىدە خېلى يۇكسەك ئۇپۇقلارغا كۆز تىككەن شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، سەممىمىي ھېسداشلىق ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ جىلۋىسى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇمۇ شۇ تۇرغۇدا يالغۇز ئۆز تەقدىرىنىلا مەركەز قىلىدىغان، ئۆز شەخسىي قايغۇسى ئۇچۇنلا يىغلاش، ئۆز خۇشاللىقى ئۇچۇنلا كۈلۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان «شائىر»لاردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. گىيوتى «ئۆزىنىڭ كىچىككىنە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىلا ئىپادىلەيدىغان ئادەم شائىرلىققا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.» دېگەن ئىدى. ئابلەت ئابدۇللا تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىنى ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەشكە، تەسەۋۋۇر سېھرىدە ئۆز شەخسىي رامكىسىدىن ھالقىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئىنسان تەقدىرىگە ئورتاق بولغان مەسىلىلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنىمۇ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ شادلىق ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ چىن ۋە سەممىمىي ھېسداشلىق تۇيغۇسى، ئالىيجاناب ئىنسانىي ئەخلاق قارىشى بىلەن سۇغىرىلغان «چەكمەگىلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى» دېگەن شېئىرىغا نەزەر سالايلى.

چەكمەگىلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى،
خىيالىنى بۇزماگىلار ئۇنىڭ.
ھەي يىگىتلەر، ھەي ـ ھەي يىگىتلەر،
ئارىسىدا ئۇ ئىككى ئوتنىڭ.

ئارىسىدا ئۇ ئىككى ئوتنىڭ،
تەقدىر ئۇنى شۇنداق يەكلىدى.
ئۇ يىغلايدۇ كىمگە يېلىنىپ،
ئەجەب گۈزەل لەۋەن قىز ئىدى.

شائىر بۇ لىرىكىسىدا لىرىك تۇيغۇنىڭ مەنىۋى پەزىلەت زېمىنىدا يارقىن ئېستېتىك خاھىش بىلەن قاناتلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، شېئىردىكى مۇڭلۇق كەيپىيات بىزنى شېئىر رېئاللىقىغا تېخىمۇ چۆكۈشكە، لىرىك قەھرىمانىنىڭ مىسكىن قەلب تۇيغۇلىرىغا قۇلاق سېلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. شائىر شېئىردا «تەقدىر» تەرىپىدىن يەكلەنگەن بىر ياش تۇل ئانىنىڭ ئازابىغا دىلكەشلىك قىلىش، تەسەللى بېرىشنى ئۆز ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدۇ. بىز شېئىردا ئەكس ئەتكەن ھېسداشلىق، ھامىيلىق ھېسسىياتىنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بۇلۇڭغا نەزەر سالىمىز، بۇ بەختسىز ئانىنىڭ قەلب مونولوگىغا جور بولىمىز. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى «مەغرۇر»، «قۇۋناق» چاغلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى «تايانچسىز» قالغان ھالىتى بىزدە بۇ بەختسىز ئانىنى چەكسىز ئاسراش، ھامىيلىق قىلىش ھېسسىياتى قوزغاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ «دېرىزىسى»نى ھاياسىزلىق بىلەن چەكمەكچى بولۇۋاتقان «يىگىتلەر»گە كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسى قوزغايدۇ. ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە ۋىجدان تۇيغۇسى بىزنى بۇ پاناھسىز ئانىغا پاسىبان بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

گۈزەل ئىدى ھەم مەغرۇر ئىدى،
ھايات ئالەم كۆرۈنگەن گۈزەل.
قېنى ئۇچاغ، شېرىن نەپەسنى
ئېلىپ كەتتى ئەجەل بىمەھەل.

خىيالىدا ئۆتمۈش ئەلەملەر،
بوسۇغىدا ساماۋى قامەت.
تۈنلەر ئۇزۇن، ياندا بالىسى،
بىغەم ئۇخلار پۈشۈلداپ پەقەت.

ياش ئانىنىڭ يارىدار كۆڭلىنى كىممۇ چۈشىنەر، كىم ئاڭا باشپاناھ بولىدۇ؟ ئۇنىڭ يوقاتقانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ بېشىغا قونغان كۈلپەت قۇشى دېرىزە چەككەن «يىگىتلەر» بېشىغا قونغان بولسا قانداق قىلار ئىدى؟ ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلىمى كۆز يېشى بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇ ئۆتمۈش ـ كېلەچەك، ئۈمىد ـ ئۈمىدسىزلىك، ھايات ـ مامات قاتارلىق تالاي «ئىككى ئوت»لارنىڭ ئارىسىدا كۆيمەكتە. ئۇ تەقدىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشمىسا بولمايدۇ. قىسمەتنىڭ سانسىز «ئۇزۇن» كېچىلىرىنى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئازابلىرىنىڭ ۋەزنىنى ياندا غەمسىز ئۇخلاپ ياتقان گۆدەك قانداقمۇ ئويلاپ يەتسۇن! بىز مۇشۇلار ئۈستىدە خىيال سۈرگىنىمىزدە شائىرنىڭ بۇ ياش ئانىغا بولغان ھېسداشلىقىنىڭ يالغۇز ئىچ ئاغرىتىش دائىرىسىدىلا توختاپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ بۈرچ تۇيغۇمىز

ئۇنىڭ ئىنسان تەقدىرى ھەققىدىكى قەلب كۈيلىرى بىلەن گە-
رەلىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي تارتىش كۈچى.
دېمەك، شائىر بىزنى قۇرۇق ۋەز - نەسىھەت بىلەن ئەمەس،
چىن ۋە سەممىي ھېسداشلىق ھېسسىياتى بىلەن تەسىرلەندۇ-
رىدۇ. شائىرنىڭ «كۈندۈزى ئۇ مەغرۇر ۋە لېكىن»، «رەن-
جىتمەڭلار ئۇنى بىھۇدە»، «قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى»، «بىر
يېزا قىزىغا»، «يىغلىۋالغىن بۇ تۈن - بۇ كېچە» قاتارلىق
شېئىرلىرىمۇ مۇشۇ تۈركۈمگە كىرىدۇ.

ئالتىنچى، ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر بەدى-
ئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇ ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق تۇرلۇك
پسىخىك ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئانىسى بولغان شۈكرانىلىق، تەق-
دىرچانلىق، بىغەملىك، تەركىدۇنيالىق، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق-
لارغا قارشى دادىل جۇقان سېلىشقا پېتىنالايدۇ. ئۇنىڭ شېئىر-
لىرىدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىدۋارلىق، يېڭىش روھى ۋە غالىبلىق
ئىرادىسى بىزنى تەقدىر ئىمتىھانلىرى ئالدىدا دەس تۇرۇشقا،
ھايات مۇشكۇلاتلىرىنى يېڭىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

بىز شائىرنىڭ «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىغا
نەزەر سالساق مۇنداق ئېسىل قۇرلارغا كۆزىمىز چۈشىدۇ:

تالىشىڭلار تالايدىن رىقابەتلىك بۇ دۇنيا،
تالاشمىغان ئادەمگە نادامەتلىك بۇ دۇنيا.
ھېچ قىزىقى قالمايدۇ تالاشمىغان ئويۇننىڭ،
گويا توپقا ئوخشايدۇ كارامەتلىك بۇ دۇنيا.

.....................

مۇتالىئە قىلساڭلار ئىلىم ـ ھېكمەت سىرىنى،
پەقەت بىرلا يەكۈنى: تالاش، يەنە چىلىك تالاش.

.....................

سەييارىلەر تالىشىپ تۇتۇپ تۇرار ئالەمنى،
چاقىرىدۇ دۇئىلغا تۇرمۇش ـ ھايات ئادەمنى.
يېڭىلگەنگە ياندىشار ئاچلىق ـ ئاپەت لەشكىرى،
رەنجىمىگىن دۇنيادىن ئەركە باسساڭ قەدەمنى.

دەرھەقىقەت، دۇنيا رىقابەتكە تولغان، تالىشىشقا تولغان بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزى بىر مەيدان كەسكىن پۇتبول مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ مۇسابىقىدە كىمنىڭ ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇشى مۇشۇ مۇسابىقە قاتناشچىلىرىنىڭ دۇنيادىن ئىبارەت بۇ «توپ»نى قانداق «تېپىش» ۋە «تالىشىش» ماھارىتىگە باغلىق. ئابدۇقادىر جالالىدىن «مائارىپىمىزدا بىلىم كىرىزىسى» دېگەن ماقالىسىدە شائىر نىمشېھىتنىڭ «بىلىم بولسا يەر شارىنىمۇ توپ قىلىپ ئوينىغىلى بولىدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى چوڭقۇر خورسىنىش ئىچىدە ئەسلەپ: «دەرۋەقە، يەر شارىنى كىملەرنىڭ توپ قىلىپ ئويناۋاتقانلىقى بىزگە ئايدىڭ بولۇپ قالدى.» دېگەنىدى.

بىز بۇ «رىقابەتلىك دۇنيا»دا «تالاشماسلىق»تىن ئىبارەت تەركىدۇنيالىق پىسخىكىسىدا ياشايدىكەنمىز، ئاخىرى بېرىپ باشقىلار تەرىپىدىن «توپ» قىلىنىپ «تېپىپ ئويناش»تەك ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچار بولىمىز.

بىز بىلىم ئېگىلىكى دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ھازىرقى دۇنيا ماددىي بايلىق، روزغار بىلەن ئەمەس، بەلكى بىلىم بايلىقى ۋە ياشاش ئىقتىدارى بىلەن ماختىنىدىغان، نوچىلىق قىلىدىغان دۇنيا بولۇپ قالدى. بىلىم قۇدرىتىدە رىقابەتلىشىشنى، تاللىششنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز تراگېدىيىسىنى ئۆزى يېزىپ چىقىدۇ. شېئىردا شائىر مانا شۇ خىل ئىدىيىنى ناھايىتى ئوبرازلىق رەۋىشتە ئىلگىرى سۈرگەن.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ شائىر ئابلەت ئابدۇللا شېئىرلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم. شېئىرغا ئىخلاس قىلغۇچىلارنىڭ يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى سەمىمىي تەۋسىيە قىلىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

# مېنىڭ روھىمنى ئۆزگەرتكەن بىر شېئىر

مەسئۇت مەرۇپ

مېنىڭ ياشنىپ ئارام ئالىدىغان چېغىمدا، شېئىرىيەتكە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، «قېرى شائىر» بولۇپ قالغانلىقىم نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار دائىم قىزىقسىنىپ مېنىڭدىن سورىشىدۇ: «سىزنىڭ قېرىغاندا شېئىر يېزىپ، شائىر بولۇپ قالغىنىڭىز قىزىق، بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بارمۇ ــ قانداق؟» شۇنداق، ئەلۋەتتە سەۋەب بار. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى غەلىتە كەچمىش ئارىلاشقان قىزىقارلىق ھېكايە. ئەگەر مەن ئۇلارغا: «بىر شېئىر مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ، شائىر قىلىپ قويدى» دېسەم ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەت شۇنداق. ھەقىقەتەنمۇ مەن شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ بىر شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قاتتىق تەسىرلىنىپ نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدىم. بۇ شېئىر مېنىڭ روھىمنى ئۆزگەرتتى.

قاراڭ، شائىرنىڭ، شېئىرنىڭ كۈچى نېمىدېگەن چەكسىز! بۇنىڭدىن ئون يەتتە يىل ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ يىگىرمە سەككىز يىل دات بېسىپ ياتقان قەلىمىمنى قايتا قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، شېئىرىيەت كوچىسىغا باشلاپ كىردى.

ئەسلىدە، مەنمۇ ياشلىقىمدا شېئىر سۆيگەن، شېئىر ئو-قۇغان، شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلغانىدىم. بىراق، مەن تۇر-مۇشنىڭ ئېغىر دەردى بېسىلغان ھارۋىسىنى تويتوغرا يىگىرمە سەككىز يىل ھالسىراپ سۆرىگەچكە، مېنىڭ مۇھەببەتلىك ياشلىق چاغلىرىم، ھەۋەس ـ ئىشتىياقلىرىم پىلچى خاتىرىلىرىنىڭ قاراڭغۇ تېگىدە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شور ـ زەيكەشلى-رىدە قېپقالغانىدى. 1985 ـ يىلىدىكى بىر ۋەقە پىقىرنىڭ ھايا-تىغا يېڭى بىر ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى:

شۇ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، بىر بالامنىڭ ئەڭ-گىزى ئېشىپ، تولا يىغلايدىغان بولۇۋالدى. مەھەللىمىزدىكى چوڭلارنىڭ: «بالىڭىزغا جوزىغا — بوزۇغا تۇتسىڭىز بولماm-دۇ؟» دېگەن مەسلىھەتى بىلەن، ئۆيىمىزدىكى يىغىلىپ قالغان كېپەكنى ئۈچ سومغا سېتىپ، شەھەرگە قاراپ جۆنەلدىم. تېگى يوق خىياللار مېنى خەنزۇ بازىرىدىكى دورىپۇرۇش دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، سالاپەتلىك بىر بوۋاي ماڭا قا-راپ: «نېمە كېرەكتى؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇ كىشىگە جا-ۋابەن: «جوزىغى — بوزىغى بارمۇ؟» دەپ سورىدىم ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، ياماۋېرىپ سالىھ① مەخ-سۇمنىڭ كەششىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ، موخۇركا خالتامنى ئىزدىدىم، چۈنكى ئاشۇ خالتىدا ھېلىقى ساتقان كېپەكنىڭ ئۈچ سوم پۇلى بار ئىدى. ئېھتىمال

---

① سالىھ مەخسۇم — «مېھرابتىن چايان» رومانىدىكى پېرسوناژ-لارنىڭ بىرى.

ئوقۇرمەنلەر تەئەججۇپتا ياقىسىنى تۇتۇپ: «موخۇركا خالتا-
سىغىمۇ پۇل سالامدۇ؟» دەپ سورىشار. راست گېپىمنى قىل-
سام، چاپىنىمنىڭ بىرلا يانچۇقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئېغى تىزىمغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان «تارانچى» شالۋۇرۇمۇ
يانچۇقسىز ئىدى. خەيرىيەت، ئۇيان سىلاپ ـ بۇيان سىلاپ،
موخۇركا خالتامنى تاپالمىدىم. ئاخىرى شەھەرگە كىرىۋېتىپ،
ئاق ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككىنىم ئېسىمگە
كەلدى. دېمەك، خالتا بىلەن پۇل شۇ يەردە ئۇنتۇلۇپ
قالغان ئىكەن ...مەن دورىپۇرۇشقا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ كەي-
نىمگە ياندىم.

ئۇيان مېڭىپ ـ بۇيان مېڭىپ، قەيەر ئىكەنلىكىنى بىل-
مەيمەن، ئەيتاۋۇر كارىدورلۇق بىر ئىشىكنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ
ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇردۇم ۋە شۇ كۈنكى كېلىشمەسلىكنى ئويى-
لاپ، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئوقۇغان بىر شېئىر يادىمغا
كەلدى:

ئامەتنى كۆرۈڭكى ئۆيۈم يوق،
كۆيۈپ كېتەر ئىدى بولغاندا...

شۇنداق قىلىپ، مەن ئاچ قورساق خىيال بىلەن مۈگدەپ
قاپتىمەن. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىلمەيمەن،
توساتتىن بىر كىمنىڭ: «ھوي، بۇرادەر...» دەپ ۋارقىرىغى-
نىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئاقپىشماق بىر كىشى ماڭا قا-
راپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى مەندىن: «قەيەردىن كەلدىڭىز؟» دەپ

مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى. مەن: «دادامتۇدىن كەلگەنىدىم، ھېرىپ قاپتىمەن، شۇڭا مەشەدە دەم ئېلىپ ئولتۇردۇم» دې-ۋىدىم، ئۇ كىشى ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ: «ھوي، ئۆزد-ڭىزنى دادامتۇلۇق دېدىڭىزما؟ ...ياخشى بولدى، مەن سىزدىن بىر كىشىنى سوراي، دادامتۇدا مەسئۇد مەرۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم بارمۇ؟ ئۇ ئادەمنىڭ تاشكەنتتە بىر ئىنىسى بار ئىكەن، ئاكىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىزگە تولا خەت يېزىۋاتىدۇ» دېدى. مەنمۇ دەرھاللا «مەسئۇد مەرۇپ دېگەن مەن بولىمەن، تاش-كەنتتە يەھيا تاھىر دەپ ئىنىم بار» دېدىم ۋە: «سىز كىم بولىسىز؟...» دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ئابدۇساتتار ناسىرى دېگەن كىشى بولىمەن.» دېدى ـ دە، مېنى بۆلۈمگە باشلاپ كىرىپ، ئىنىمنىڭ ئادرېسى بىلەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىنى «بۇنى ئو-قارسىز» دەپ بەردى. كېيىن بىلسەم، بۇ يەر «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى ئىكەن.

خوش، ئەمدى باشقا گەپنى قويۇپ ئۆز گېپىمگە كەلسەم، مەن سەھراغا قايتىپ چىقىپ كەچتە ژۇرنالنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىگە شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ «غۇ-رۇرۇم» ناملىق شېئىرى بېسىلغانىكەن. دەسلەپتە مەن شېئىرغا بولغان قىزىقىشىم تۈپەيلى بۇ شېئىرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم. كېيىن، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىيلىقتىن ھالقىپ، روھىيەت دۇنياسىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، ئۇنى ئىشتىياق ۋە ئىزتى-راپ بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدۇم. بۇ ناتونۇش يۇقرانىڭ ئەڭ سىرلىق، ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرى يۇتۇلگەن كۆكۈل خا-

تىرىسىنىڭ قۇرلىرىدىن ۋە سەنئەت بولۇپ گەۋدىلەنگەن مەسىلەكلىرىدىن ئۆز ھاياتىمغا كېرەك بولغان روھنى تاپقاندەك بولدۇم. ھەمدە بۇ شېئىر ئاستا ـ ئاستا مېنىڭ پەخرىمگە ۋە كۆڭۈل مۇلكۈمگە ئايلاندى.

شائىر بۇ شېئىر ئارقىلىق «غۇرۇر» دىن ئىبارەت خاس-لىقنى يۈكسەك ئىنسانىي ئەخلاق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئېستېتىك كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرگەن. شېئىردىكى ئاساسىي پەزىلەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ساددىلىق بىلەن ئالەمچە ھېس ـ ھاياجاننى ئاددىي سۆزلەرگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن خاس ھال ۋە خاس مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ شائىرنىڭ كۆڭۈل ھەقىقەتلىرىنىڭ دېرىكى بولۇپ، «ئەل ـ يۇرتقا خاس» ئاتا بالىسىدەك غۇرۇر بىلەن ياشاشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىدۇ.

مەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ «غۇرۇرۇم» ناملىق بۇ شېئى-رىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان بولسامۇ، شائىرنىڭ ئەقىل ۋە كۆڭۈل سىرلىرىغا تويۇنغان مىسرالىرىدىن قان ۋە ھاياتنىڭ جەۋھىرى بولغان «غۇرۇر»نىڭ قۇدرىتىنى سېزىپ، غۇرۇر ھېسسىياتىغا چۆمۈلدۇم. گويا قۇشقا ئايلانغان ئەجدادلارنىڭ روھى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، ماڭا كېرەك بولغان بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، مېنى ئۆزۈمنى تېپىۋېلى-شىمغا ئۈندەۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدۈرۈپ، مېنى ئورنۇمە-دىن دەس تۇرغۇزدى، ھاياتقا مۇھەببەت ئويغاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزلۈكۈمگە قايتتىم ۋە شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن، ھەر بىر پىكىر ـ مەنىسىدىن شۇنداق بىر نەرسىنى تېپىۋالدىمكى، ئۇ بولسىمۇ ئاچچىق شوردا قېتىپ

كەتكەن بوز كۆڭلىكىمنىڭ تىكىشلىرىدە، توپا توشقان قىيسىق كەشەمنىڭ يىرتىقلىرىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان شېئىرىي مۇھەببەت ئىدى.

ئاخىرى «مېنىڭ ئاۋازىم يىراق ـ يىراقلارغا يەتمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا پەرزەنتلىرىم، قولۇم ـ قوشنىلىرىم، مەھەللە ـ كويلىرىم بولسىمۇ ئاڭلار» دېگەن ئۇمىدتە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەتىگەندىن تا يېرىم تۈنگىچە قەلەمنى ئىشقا سالىمەن. بالىلىرىم، ئايالىم باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ ئائىلە ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ. مەن ئۇلار كەلگىچە، بىر قازان چاي قاينىغۇدەك قەغەزنى يىرتىپ دۆۋىلەپ قويىمەن. نېمە ئۈچۈنكىن بىلمەيـ مەن، ئايالىم مېنىڭ بۇ قىلمىشىمدىن قىلچىمۇ زارلانمايتتى. پەقەتلا پەرزەنتلىرىمگە: «قېرى شائىردىن سوراڭلارا، قورسىـ قى ئاچمىكىن» دەپلا ھاۋالە قىلاتتى.

«تەبىئەت تۇيغۇلار بىلەن ياشمايدۇ. بەلكى، تۇيغۇلارنى يارىتىدۇ» دېگەننىدى بىر دانىشمەن. ئاخىرى تەبىئەت ماڭا بەرگەن تۇيغۇلارنى ئويغاتقان، قەلبىمگە قۇۋۋەت، قەلبىمگە غۇرۇر پەخرىنى بەخش ئەتكەن شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ «غۇرۇرۇم» ناملىق بۇ شېئىرى مېنى يۇرتنى سۆيۈشكە ھەمدە ئۇنىڭ پاكلىقى، غۇرۇرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ، شېئىرىيەت بوستانىغا باشلاپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن مەن تۇنجى قېتىم «زېمىن خىسلىتى»، «ھارۋىكەش»، «ئاھ، مېيىپلىق» ناملىق ئۈچ شېئىرىمنى يېزىپ يورۇقلۇققا چىقاردىم. شۇنداق قىلىپ مەن شائىر بولۇپ قالدىم...

(ئاپتور غۇلجا شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىلكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككى شېئىر ۋە ئىلىدىكى ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىر

ئابلەت مۇھەممەت

مەن شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ــ يىل 21 ــ فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىكەنمەن. يېقىندا بۇ شېئىرنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. روشەنكى، مەزكۇر شېئىر ئىپادىلىگەن پىكىر ئۆزگىچىلىكى مېنى بۇ شېئىرنى قايتا ــ قايتا ئوقۇش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە شېئىردىكى مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراش، مەزمۇن، ئىپادىلەش كۈچى، تىل، تەسۋىر ئالاھىدىلىكى ۋە ھاكازالار ئۈستىدە توختالمايمەن. چۈنكى، مەن بىر ئېستېتىك زوقلانغۇچى. شېئىر ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر پىكىر بايان قىلىغۇدەك سالاھىيەت ھازىرلىغان ھەقىقىي كەسپ ئەھلى شائىر ياكى ئەدەبىيات ئوبزورچىسى ئەمەسمەن. بىراق، شەخسەن تەسىراتىمدىن مەن شائىرنىڭ بۇ شېئىرىغىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ــ يىل 3 ــ سانىغا بېسىلىپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتماي كەلگەن «چىدىساڭ ياشا» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك

چىققان يېڭى پىكىرلىك ئېسىل شېئىر ئىكەن، دەپ قايىل بولماي تۇرالمىدىم. ئەمما، بۇ شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش جەريانىدا توساتتىن كاللامغا ئۇيغۇر بوگۇنكى دەۋر شېئىرىيە-تىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، مۇرەككەپ كىشىلىك دۇنيادىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە ئېنىق، كەسكىن تىل بىلەن يورۇ-تۇپ بېرىپ ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك شائىر ىمىز مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ 1974 ـ 1980 ـ يىللاردا يازغان «بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرى كاللامدىن كەچتى.

مەلۇمكى، مىللىتىمىزنىڭ بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىرى دۇنيانى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى نىس-بەتەن چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق بۇ قا-نۇنىيەتلەرنى ھەرخىل ئۇسلۇبتا ئېچىپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىزچىللىققا ئىگە شەخسلەردىندۇر.

ھەر ئىككىلا شېئىر «دۇنيا»دىن ئىبارەت تېمىغا مەر-كەزلەشكەن. ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندى 50 مىسرالىق «رىقا-بەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىدا:

تالىشقىلار، تالايغا رىقابەتلىك بۇ دۇنيا،
تالاشمىغان ئادەمگە نادامەتلىك بۇ دۇنيا.
ھېچ قىزىقى بولمايدۇ تالاشمىغان ئويۇننىڭ،
يومزەك توپقا ئوخشايدۇ كارامەتلىك بۇ دۇنيا.

تالاشسۇن دەپ دۇنيانى ئادەمزات يارالغان،
هابىل بىلەن قابىلدىن بۇ تالىشىش تارالغان.
خىرىس قىلىپ كۆچۈكمۇ تالىشىدۇ سۆڭەكنى،
ئاي بىلەن كۈن، قاراڭلار، بۇ پەلەكنى تالاشقان.

مۇتالىئە قىلساڭلار ئىلىم ـ ھېكمەت سىرىنى،
پەقەت بىرلا يەكۈنى — تالاش، يەنە چىلىڭ تالاش.
شەيئىلەرنىڭ قىرىققا يارساڭ ئەگەر قىلىنى،
زەررىلىرى تالىشىپ پەيدا بولۇر ئۇيۇل تاش.

دەيدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى بولسا «بۇ دۇنيا» دېگەن 52 مىسرالىق شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

تالاشماڭلار، تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گاداي، مەيلى شاھ، بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ۋاپاسىز دەپ كايىيدۇ شۇڭا ئۇنى ئادەملەر،
ئاغرىنغانىنى قامچا بوپ ئۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.
يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمانغا تۇندە باقسام ئۇنچىقماس،
پايانى يوق تىلسىمدەك تۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ كېتەر مېھمانسەن، ياخشى قونۇپ، ياخشى كەت،
سېخىي ئۇچۇن بىر قالام چاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رەقىبلىشۇر ئىككى جان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،
توۋا دەڭلار ئۇلارغا تۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا.

نۇقتا ـ «تالىشىڭلار» بىلەن «تالاشماڭلار»، ئېنىقكى، ئوت بىلەن سۇدەك ئۇقۇملار. قارىماققا كلاسسىك مۇتەپەككۇر سىياسىيونلار تېپىپ چىققان «قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ئالەمنىڭ توپ قانۇنىيتى» دېگەندىن ئىبارەت زىددىيەتلەر قانۇنى بۇ شېئىرلاردا ئۆز ئەكسىنى تېپىپتۇ، دەپ ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىك شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ ھەرخىل تېمىدىكى شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشۇش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 1990 ـ يىلى نەشردىن چىققان «يىللار ئىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ھېس قىلغان چۈشەنچىلىرىمدىن كەلگەن ئاخىرقى يەكۈن يەنىلا ئەسلىي ھېس قىلغىنىمغا ئوخشاشلا بىر جۈملە سۆز ـــ مەزكۇر توپلامدىكى ھەر خىل تېمدا يېزىلغان شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىنسانىيلىق، راستچىل پەزىلىتى روشەن ھالدا ئىزچىللىق روھى بىلەن مۇجەسسەملىنىپتۇ، دېگەن يەكۈنگە كەلدىم.

روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئەدىب مۇئەييەن بىر ئەسەردە مۇئەييەن بىر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن. بىز بىر پارچە ئەسەرگە قاراپلا ھەرقانداق بىر ئاپتور ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتلىرىنى مۇتلەق ھالدا ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ توغرا

ھۆكۈملۈك باھاغا ئىگە قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە.

«تالىشىڭلار» بىلەن «تالاشماڭلار» قارىماققا ئىپلىشـ ۋاتقان مۈڭگۈزلۈك قوچقارلارنى ئەسلەتكەندەك قىلىدۇ. بىزدە «ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. بىز مەسىلىگە بۇنداق قاتمال، ئەنئەنىۋى تىنچلىق ھالىتىدە قارىساق ئەلۋەتتە سىغمايدۇ ـ دە. ئەگەر قازان كىچىك بولسا، چوڭمۇ تېپىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم قوچقار باشلىرىنى مۈڭگۈزى بىلەن قازانغا سالمايدۇ، بەلكى بۇ چاـ تاقچى مۈڭگۈزلەرنى چېقىپ ئېلىۋېتىدۇ. بۇ بىر ئوبرازلىق تەمسىل. ئەمەلىيەتتە، دۇنيا دېگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن نىيمەتنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ پىشۇرىدىغان نورۇز ئېشى ئېتىلىدىغان داش قازانغا ئوخشايدۇ. بۇ داش قازاندىكى ھەرقايسى ئۆزىگە خاس تەمگە ئىگە خىلمۇخىل نىيمەت ئارىلىشىپ پىشىپ، مىڭـ لىغان نورۇز ئەھلى ئېغىز تېگىدىغان مەززىلىك نورۇز ئېشىنى ھاسىل قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شېئىرمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق خاسلىقتا، تەمگە ئىگە شېئىرلاردۇر.

بىز شېئىرلاردا نىيمە ئوتتۇرىغا قويۇلسا شۇ دائىرىدە شۇنداق چۈشەنسەك ئازادە بولغان چۈشەنچە سەممىيىتىگە ئىگە بولىدىكەنمىز، شۇنداقلا بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنى توغرا بولغان پايدىلىنىش قىممىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قانداقتۇر «ئىدىيىۋى مەزمۇن» دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا چەكسىز «تۇتقا»، «پرىنسىپ»قا كۆتۈرۈش ھادىسىلىرى ئېغىر بولغانىدى. نەتىجىدە، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان، «چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ

قويىدىغان»، «دوپپىسنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان» قاباھەت ئىجتىمائىي تەتۈرلۈكلەر جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە (مەسئۇل مۇھەررىردىن). ئەسلىي بۇ يەردە گەپ چۈشىنىشتىكى سەممىي پوزىتسىيىنىڭ بار - يوقلۇقىدا ئىدى.

مەن بۇ ئىككى شېئىرنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك شېئىر-لارنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش جەريانىدا، بۇلار نوقۇل ھالدا بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويۇلغان شېئىرلار بولماستىن، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن تۈرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ، شۇڭا بىر - بىرىنى رەت قىلىش ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش توغرا بولمىغان بىر تەرەپلىمە ھېسسىياتنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

ھەرقانداق بىر قوۋم مۇئەييەن مۇھىت شارائىتىدا تەد-رىجىي يېتىلىپ ئادەت كۈچىگە ئايلانغان ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېر پسىخىكىسى ئىلكىدە ياشايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىككىنچى بىر يېڭى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىتتا ئۆزگىرىشسىز تە-سەۋۋۇر قىلىنىدىغان قاتمال نەرسىمۇ ئەمەس. ئاپتورلار مۇشۇ قوۋمنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، بۇنىڭدىن مۇستاسنا بولۇشى مۇمە-كىن ئەمەس. شۇڭا، ئەسەرلەردە مۇئەييەن مىللىي قوۋمنىڭ مۇئەييەن پسىخىكىسى تەبىئىي رەۋىشتە ئەكس ئەتمەي قال-مايدۇ. بىزنىڭ مىللىي قوۋمىمىز ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، قوينى كەڭ خەلق. بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزدە كۆڭۈل بوشلۇقى، تەسىرچانلىق كۈچلۈك ئەكس ئېتىدۇ. پسىخىكىمىز قاتتىقلىققا ئەمەس، ئېرىشچانلىققا مايىل. بىز قاتتىق مىللىي خاراكتېرلىق، پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك خەلقلەردىن مۇشۇ

جەھەتلىرىمىز بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىمىز. بىلىشىمچە، بىزنىڭ نىسبەتەن ئوبدانراق بىلىدىغان ئەتراپىمىزدىكى خەلقلەردىن رۇسلار قاتتىق مىللىي خاراكتېرلىق خەلقلەردىن ئىكەن. ن. ۋ. گوگول (1809 _ 1852)نىڭ «تاراس بولبا» پوۋېستىنى ئوقۇغان كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالايدۇ. غەرب مىللەتلىرىدە ئومۇمەن پرىنسىپاللىق پۇتكۇل تۇرمۇش ئۇسلۇبىدا كۈچلۈك ئەكس ئېتىدىكەن. ئەنئەنىۋى جۇڭگولۇقلار، يەنى خەنزۇ خەلقىمۇ نىسبەتەن شۇنداق خەلقلەر تىپىدىن ئىكەن. مەن مۇشۇ بىر _ ئىككى يىل جەريانىدا شەرقىي، جەنۇبىي جۇڭگودا ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇردۇم. شۇ جەريانىدا بايقىدىمكى، ئۇلار بىر قويغان باھانى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمەيدىكەن. ھەرئاينىڭ ئىجارە توشىدىغان شۇ كۈنى كېلىپ بەش كۈن تۇرسىڭىزمۇ بىر ئايغا ھېساب قىلىپ، بىر كۈن ئۇياق _ بۇياق قىلماي ئىجارە ھەققىنى يىغىپ كېتىدىكەن. پايدا _ مەنپەئەت مەسىلىسىدە «يۈز _ خاتىر»گە ئومۇمەن ئورۇن بولمايدىكەن. بىز ئۇيغۇرلار ئىجارە ئولتۇرغۇچى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىجارە ھەققىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي ئۆزرە ئېيتسا، كەينىگە سۈرۈشكە ماقۇل كېلىمىز. بەزىلىرىمىز ئەھۋالغا قاراپ كۆنلەپ ئەمەس، ئايلاپ، ھەتتا يىللاپمۇ سۈيلەپ كەتمەيمىز. بەزىدە «بولدىلا»مۇ قىلىۋېتىمىز. ئەمما، ئۇلار ئۇنداق ئەمەس، سەۋەبكە، ئۆزرىگە ئاسانلىقچە يول قويمايدۇ.

چەكتىن ئاشقان تولىمۇ كەڭ قورساق مىللىي خاراكتېر ۋە تولىمۇ بوش كۆڭۈللۈك (سېنتىمېنتال) خۇسۇسىيەت كىشىلەرنى ئىجابىي ھاسىلاتقا ئېرىشتۈرۈشتىن كۆرە سەلبىي ھاسىلات

بىلەن تۆگەللەپ كەلدى. نېمە ئۈچۈن خوجنىياز ھاجى، تۆمۈر خەلىپىدەك ۋە باشقىمۇ غالىبلار غالىبلىق ئورنىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ، ئۆز يۇتى بىلەن يولۋاس ئېغىزىغا كىرىپ يەم بولۇپ كېتىدۇ؟ تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەت دۇنياسىدا شەرت قويۇش ھوقۇقى غالىبلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن. ئەمما، بۇ قوۋمدا يۈز بەرگەن شەرت قويۇش ھوقۇقىنى مەغلۇبلارغا بېرىپ قويۇشتەك سىرلىق ئەھۋال دۇنيا تارىخىدا ئانچە ئۇچرىمىسا كېرەك. گەرچە كىشىلەر بۇنى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، تۈپكى سەۋەبنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئېرىشچانلىقتىن ئىبارەت كۆڭۈل بوشلۇق خۇسۇسىيىتىدىن ئىزدىمەيمۇ تۇرالمايمىز. ئەگەر بىر قوۋمدا بۇنداق ھالەت يەنىلا ساۋاق قىلىنمىدىغان ئۆزگىرىش قىممىتىگە ئىگە قىلىنمايدىكەن، ئۇنداقتا زامانىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەقلىق ۋە ھەققانىي ئېرىشىش ھوقۇقى ۋە رىقابەت ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىغا ماس ھالدا داۋامەن تارىخىدا ھەر زامانەم ئۆزىنى كۆرستىپ بېرىۋېرىدۇ. شۇڭا، بىزدە پرىنسىپلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇشى جىددىي زۆرۈر بولغان قەتئىي پوزىتسىيىدىن كۆرە ئىككىلەمچى مەسىلىلەردە ئازراق مەنپەئەت، ئۆتكۈنچى نام ـ نىشان ئۈچۈن تالىشىدىغان، ھەسەت قىلىدىغان ئومۇمىي ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشىمىزمۇ تەس ئىدى. دېمەك، بۇ ھالەت قوۋم ئەزالىرىنىڭ كۆزىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، چوڭ ـ چوڭ تۈپكى ئىشلاردىن كۆرە كۆز ئالدىدىكى سىگار ـ پىشتى ئىشلارنىلا كۆرۈپ، ئاقىۋەت

ئەجدادنى ئەۋلادقا قاششاق ھالەتتە ئۇلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان پسىخىكىلىق ھالەت پاتقىقى ئىدى. روشەنكى، بىر قوۋمدا ئەگەر مۇئەييەن پسىخىكىلىق كېسەللىك ھالىتى كۆرۈلسە، مۇناسىپ بولغان پسىخىكىلىق ئۇسۇل بىلەن داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى مىللىي قوۋم پسىخىكىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەزكۇر شېئىرىدا روھىيەت مەسىلىلىرىگە يۈرۈش قىلغان. دۇنيانى بىل، چۈشەن، سۆگەك تالاشما، سەن دېگەن بىر ئىنسان، نەزەر دائىرەڭنى يىراققىراق تىك، ئىنتىپاقلاش، دەپ خىتاب قىلىدۇ. قوۋمىمىزنىڭ ئانىسى تۇمارىس مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە دۇنياغا تويمىغان قانخور ئىستىلاچى ـ پېرسىيە پادىشاھى كورش دىيارىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەندە، قوۋمنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، بۇ چوڭ ئىستىلاچىنى مەغلۇپ قىلىپ تۇتۇۋالغاندا: «دۇنياغا تويمىغان بولساڭ، ئەمدى توي» دەپ ئېغىزىغا ئېرىتىلگەن ئالتۇننى قۇيغانىكەن. قانخور ـ ياۋۇزلارنىڭ تالىششى دۇنيانى قانۇنىيەتلىك ھالدا ئىلگىرىلىتىپ كېلىۋاتقان ئوڭ رىقابەتلىك تالىششقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، كورشقا ئوخشاشلارنىڭ ئىستىلاچىلىق تالىششى ئاقىۋەت ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى يېيىش بىلەن تۈگەللىنىشمۇ مۇقەررەر ئىدى.

ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىمۇ دۇنيانى يەنە بىر خاس نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئومۇمىي قانۇنىيەت مۇئەييەن بىر مىللەت پسىخىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ كىشىلەر ئىرادىسىغا بېقىنمىغان ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئاپتور مۇشۇ قانۇنىيەت تەلپى بويىچە «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىدا دۇنيانى چۈشەن، بۇ دۇنيا رىقابەتنىڭ دۇنيا-

سى، كېيىن ھەسرەت ـ پۇشايماندا قالماي دېسەڭ ھەقلىق ۋە ھەققانىي ئېرىشىش ھوقۇقۇڭ ئۈچۈن «تالاش، يەنە چىڭ تالاش» دەپ خىتاب قىلىپ، شەخس، قوۋم ئۈچۈن تەرەققىيات كۆچلىنىشىنىڭ تۆپكى ھەل قىلغۇچ تەقدىر ئۆزگەرتكۈچى تېما ئىكەنلىكىنى جىددىي قەيت قىلىدۇ.

كۆرىمىزكى، ھەر ئىككىلا شېئىر روشەن مەنىگە، كونكرېت ھاياتلىق ھادىسىلىرىنى كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەمما، بۇ ئىككى شېئىر يېزىلىش ۋاقتى جەھەتتە ئىلگىرى ـ كېيىنلىككە ئىگە. شۇڭا، بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بىر قىسىم ئوقۇشماسلىقنى پەيدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئالەم دېگەن نېمە؟ دۇنيا دېگەن زادى نېمە؟ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئالەم ـ دۇنيا سانسىزلىغان ئوخشىمىغان مۇستەقىل تۈر ۋە قارىمۇ قارشى شەيئى ـ ھادىسىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىغىشچانلىق ھاسىل قىلىش ھالىتىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. دۇنيانىڭ، شەيئىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىلمۇ خىللىق، رەڭدارلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى چەكلەپ، بىر پۈتۈن ئورگانىك ھالدا دۇنيانى تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ، دۇنيانىڭ ماھىيەت مەزمۇنى. مانا مۇشۇ مەزمۇن دۇنيانىڭ قىزىقارلىقى، جەلپكارلىقىنى بەلگىلىگەن. مانا بۇ، بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ مەۋجۇدىيەت تەسەۋۋۇرى. ئەكسى ھالدا، ئاتالمىش «تىنچلىق» ھالەتتىكى بىر خىللىق ھالەت تەسەۋۋۇرى تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، دۇنيا ئاللىقاچان گۇمران بولغان، ھەقىقىي تىنچ ـ ئاسايىش ھالەتتىكى ئىنسانلارمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا رەڭدارلىقى ئالدىدا مۇناسىپ ماسلىققا ئىگە بولماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟! ئەلۋەتتە، ئىنسانىيەت دۇنيا-سىمۇ مۇئەييەن ئۆلچەم نۇقتىسى ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلە-نىپ تۇرىدۇ. بىز «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق» مەسىلىلە-رىدە ھەقىقەتنى، ھەققانىيەتنى تالىشىدىغان ئارقاننىڭ مەركە-زىي نۇقتىسى قىلىمىز. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇھىمى شەيئىلەرنى مۇرەككەپلىك ئىچىگە قويۇپ چۈشەنگەندىن ئەس-لىي ھالىتى بويىچە ئاددىيلىق، رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ چۈ-شەنگەن، ئەركىن، سەممىي پوزىتسىيەدە چۈشەنگەن ياخشى. بولمىسا، دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان بىز ئىنساند-لار ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز جاپا سېلىپ قويىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان راشىدىن بىلەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ بۇ شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان دادىل مۇھاكىمە-لىك شېئىرلاردۇر.

ئەسلىدىلا مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىنىش قىممىتىگە تالىق خاسلىققا ئىگە ئىجادىيەتلەر ئىدى. يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى، ئاندىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى يازغان «ئىز»دىن كېيىن بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەتنىڭ شېئىرلىرى تىللاردا دەستۇر بو-لۇپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. شۇڭا، جامائەت سورۇنلىرى - رېستوران، ئاشخانىلارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ تۆرىدە قوۋمىمىزنىڭ بۇ ئەجداد ۋە ئەۋلاد تۆھپىكارلىرىنىڭ شېئىرلىرى مەخسۇس رامكىلار ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىپ، كىشىلەرنى ئىزگۈلۈككە،

جەڭگىۋارلىقتا ئۇندەپ تۇرۇپتۇ.

مەن يېقىندا شايار ناھىيە «دۆڭكۆۋرۈك»بازىرىدىن توختى ئىمىن غەنىزاتنىڭ بۇ ئىككى شائىرغا قىزغىنلىقتا تولغان خەت بىلەن ئىككى دانە قەلەمتىراچ ۋە بىردىن فوتو ئاپپاراتى ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىكى دېھقان ياسىن راشىدىنىنىڭ شائىر ئابلەت ئابدۇللاغا يازغان قىزغىنلىقتا تولغان خېتىنى كۆردۈم. يەنە يەل - يېمىش ۋە قاشتېشى قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنىمۇ ئەۋەتىپتۇ. يۇقىرىقىلاردىن بۇ تۆھپىكار شائىرلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنىڭ قانداقلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنداق، ئىنسانلار بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە، ئۆزئارا مەدەتكە، دوستلۇققا موھتاج. بىر مىللىي قوۋم ئەمەلىيەتتە بىر قان - قېرىنداش، ئۇيۇشقان توپ. بىز بۇ قوۋم ئەزالىرى نەزەر دائىرىمىزنى نىسبەتەن كەڭرىلىككە ئىگە قىلالىساقلا «تالىشىش»نىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە «تالاشماسلىق»نىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئەھمىيەتلىك بىرلىككە كەلمەي قالمايمىز. «تالىشىش ۋە تالاشماسلىق» دائىم ۋە مەڭگۈلۈك تېما. ئاكتىپ تۇرمۇش قارىشى ۋە پاسسىپ تۇرمۇش پەلسەپىسى دېگەنلەرمۇ شۇنداق. بىز دۇنيانى ئىستېلا قىلماقچى بولغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالىكساندىر ماكدونىسكى) قېنى؟ چىڭگىزخان قېنى؟ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى دۇنيانى بۆلۈشۈۋالغان ئىمپېرىيىلەر، ئۇلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى قېنى؟ دېگەن سوئاللارنى دائىم قويۇپ تۇرىمىز. بۇنىڭدىن قۇرغۇچىلار روھىيىتىدىكى ئاكتىپچانلىق بىلەن سوئال قويغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پاسسىپ تۇرمۇش قارىشىنىڭ روھناتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ-

نىڭدا يەنە رەزىللىك بىلەن ھەققانىيەتنىڭ روھىناتىمۇ بارىدىز
تالاشماسلىقنى رىقابەت دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىپ پاسسىپ تۇر-
مۇش پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ چۈشەنمەيمىز،
بەلكى ئاپتور ئەسلىي ماھىيەتتە كۆرسەتمەكچى بولغان ئىنسانىي
پەزىلەت، بىرلىك، خەلقلەر دوستلۇقىدىن ئىبارەت ئەسلىي مە-
نىسى بويىچە چۈشىنىمىز، مۇھاكىمە قىلىمىز. شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ بۇ شېئىرى
قوۋمىمىز پىسخىكىسىغا نىسبەتەن مۇناسىپ ماسلىششچانلىققا
ئىگە بولغان جانلىق، ئاممىباپ، ئەركىن يېزىلغان، ئىنسانىيلىق
يولىغا سىلىنغان يېشىل پاياندار، دەپ قارايمەن.

يۇقىرىقى ئىككى شېئىرغا مۇناسىۋەتلىك شەخسىي مۇھا-
كىمىدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى خاس قاراشلىرىمنىمۇ
ئاخىرقى يەكۈن سۈپىتىدە قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەن مىللەت پىسخىكىسىنى تەكىتلەپ ئۆ-
تۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى مۇتەخەسسىس ـ تەتقىقاتچى-
لار قانداق چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەمما، ئاشۇ
مىللىي پىسخىكىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئاپتورنىڭ قانداق
ئىپادىلەش، قانداق رەت قىلىشى بۇ باشقا گەپ ۋە بەلكى ئەڭ
مۇھىم تەرەپتۇر. مېنىڭچە، قوۋم پىسخىكىسىنى ئايرىم ھادىسە
سۈپىتىدە دىققەتتىن مۇستەسنا قىلىپ، ئومۇمىي تارىخىي جەر-
يان قانۇنىيەتلىرى بويىچە قارىغاندا، تالىشىش ۋە يەنىمۇ قات-
تىق تالىشىش دۇنيانىڭ جەريانىغا سىڭىشكەن مەزمۇن. خو-
جىنىياز ھاجى «تالىشىش» تىن ۋاز كېچىۋىدى، ئاقىۋەت ئۆ-
زىنى ھالاك قىلىش بىلەن تۈگەللىدى. بىر تارىخىي جەريان
داۋاملاشقان خەلقنىڭ داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمۇ شۇ-
نىڭ بىلەن تۈيۇق يولغا كىرىپ كەتتى. ستالىنىنىڭ تالىشىشى

ئۇنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىدى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قىسقىغىچە 20 يىلدا دۇنيادىكى قۇدرەتلىك ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ماۋزېدۇڭنىڭ «ئالقاندىن چىلىك يەرنىمۇ تالىشىش» ۋە «ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش» ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى. دېمەك، تالاشقانلار دەۋرگە مۇناسىپ ئىلگىرىلەپ كەلدى. تازا قاملاشتۇرۇپ تالىشالمىغان، بەكلا قانائەتچان، شۈكرىكويىلۇق خەلق دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. بۇلارنىڭ كۆزى قان ـ ياشلىق تارىخنىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى.

دېمەك، مەيلى ھەرقانداق تۈستىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولسۇن، ھەممىسىلا مۇئەييەن تالىشىشتىن ئىبارەت چوڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. دېمەك، بۇ يەردە تەكىتلىنىدىغان نەرسە يەنىلا نوقۇل بىر قوۋم پىسخىكىسىغا بېقىنمايدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەت تۈسىنى ئالغان ھادىسە بولدى. شۇڭا، مەلۇم قوۋم ياكى شەخس بولغان بىز تالاشمايدىمىز دەپ تىنچ بولۇڭلارغا ھەرقانداق ئىنتىلسەكمۇ، بۇ دۇنيا ئىرادىمىزگە باقماي ئۆزىنىڭ زۆرۈرلۈك مەزمۇنى بىلەن بىزنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ تالىشىش قاينىمىغا سۆرەپ كىردى ۋە سۆرەپ كىرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىدۇ: مۇئەييەن تالاشماسلىق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر تالىشىش جەريانىدىن ئۆتۈلىدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنياۋى تىنچلىققىمۇ رەزىل، زوراۋان مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن جىددىي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئەزەلدىن بار قائىدە.

كىشىلەر ئەزەلدىن ئىنتىلىۋاتقان ئارمان — بەختلىك ياشاش، يەنى تەرەققىيات ھوقۇقى ماھىيەتتە ئېرىشىش ئۈچۈن تالىشىش ھوقۇقىدۇر. بۇ كۈرەش ئاخىرى ھەربىر ئادەمنىڭ جانجان مەنپەئىتى ۋە تەقدىرىگە زىچ باغلانغان تۈرلۈك تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىنىڭ كېيىن - كېيىندىن يېڭىلىنىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دەۋرىي ھالدا مۇناسىپ تەڭشىلىشىگىمۇ تۈرتكە بولدى ۋە دەۋرنى، ھەتتا ھەربىر قوۋم، شەخسنىمۇ مۇناسىپ ئالغا سىلجىتىپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇللۇق، فېئودالىلىق، كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەر بىر - بىرىنى ئىگەلەپ كەلدى. بۇ ھالەت يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىنسانىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان يېڭى بىر دەۋرىي يۈنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە كونا بىلەن يېڭى (ھەق بىلەن ناھەق)نىڭ كۈرىشى دېگەن تالىشىش سىڭگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئامىلى دەل ئاشۇ ئۆزىنىڭ ھايات شارائىتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاشۇ تالىشىش چەمبىرىكى ئىچىدە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىنسانلار توپى ئىدى.

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا تۈگەللەش مۇمكىن:

1. تالىشىش قانۇنىيەتسىز نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنسانلار جىددىي ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قانۇنىيەتلىك ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش ھادىسىسىدۇر.

2. تالىشىش - ئىنسان تەبىئىتى بولغان قانائەتسىز، رىقا-

بەت كۆچىنىڭ مەھسۇلى.

3. زوراۋر تالاشماسلىق كۆپىنچە ھالدا ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق قىلىپ قويىدۇ. بۇ زوراۋان كۈچلەر ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق يول ئېچىپ قويىدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەق ۋە ناھەق مەسىلىلىرىدە مۇرەسسەگە ئورۇن بولمايدۇ. سۈكۈت مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ۋىجدان ۋە غۇرۇر سىنىقى ئالدىدا توختاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4. زوراۋر تالاشماسلىق ئېنىقلىما بېرىشكە تېگىشلىك جىددىي ئىشلارنى ئېنىقسىز ھالەتتە قويىدۇ، سەپسەتە، ئويدۇرما، ساختىلىقنى بازارغا ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە ئىنسانلار ۋە ئىنسان توپلىرى ئارىسىدا گۇمان، غۇم ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۆتكۈنچى زىددىيەتلەرمۇ ھەل قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي شۇ پېتى قېپقالىدۇ.

بىز «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق»نى راستچىللىق، سەممىيەت بويىچە ھەققانىي ئىنسانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ مېڭىش كېرەك دەپ قارايمىز. بۇ يەردىكى مەسىلە تارازىنىڭ مەركىزىي پەللىسىنى ئىگىلەپ چىڭ تۇرۇشتا. مۇئەييەن ئەسەرلەرگە، مۇئەييەن ۋەقەلەرگە بولغان باھا كۆپىنچە ھالدا ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن پاسسىپ قوغدىنىشچان پوزىتسىيە ئىلكىدە بولىدۇ. مۇئەييەن ئىجتىمائىي رامكا ۋە ئېقىمپەرەسلىك ئۆتكۈنچى ھالەت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر كۆپىنچە ھالدا ئېقىمغا ئەگىشىش ھالىتىدە، ھەممىباپلىققا مايىل كېلىدۇ. بۇ، مۇئەييەن تەرەپ ۋە مۇئەييەن قاراشنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورۇن ھالىتى ۋە ماس ھالدىكى روھىي ھالىتىگە بىنائەن تالاشتىكى نۇقتا ھەرقانچە ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىدىن ئاشۇ بىرلا تەرەپ ۋە بىر خىل قاراشنىڭ ھەقىقىتىنى ئىپتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلالمايمىز. كىشىلەر مۇئەييەن كۆزىتىش جەريانى ئارقىلىق ئاندىن ئىشەنچ قىلغان ئەڭ توغرا يولنى تاللاپ چىقالايدۇ. شۇڭا، دۇنيادا ھەممە قوۋم ئىچىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئويغانغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئاۋانگارتلار مەيدانغا كەلگەن. كوممۇنىستلار، سوتسىيالىستلار، دېموكراتلار، دىنىي مەزھەپلەر ۋە ھاكازالار مۇئەييەن ئىدىيۋى ئېتىقاد ئىلكىدە جىددىي يول تالاشقۇچىلاردۇر، ئاممىنى ئەگەشتۇرۇپ ماڭغان يېتەكچىلەردۇر. بىر خەلقنىڭ مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، يازغۇچى ـ شائىرلىرى جەمئىيەتنىڭ، روھىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى، مەنىۋى يېتەكچىلىرىدۇر. «تالىشىڭلار» بىلەن «تالاشماڭلار» ئەنە شۇنداق تۈرلۈك نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن يولدۇر.

ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىپ، قانداق ئۇسۇل قوللىنىشنى ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەپ قويغان بولىدۇ.

دۇنيا، جۈملىدىن بىزدىمۇ تالاش ـ تارتىشتىكى ئوبيېكتلار خېلى بار. ئۆزگەرگەن مەنسۇپ دەپ قارايدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە باشقىلارنىڭ تالاشماسلىقى كېرەك بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا سىز بىلەن مەن ئىرادىمىزنىڭ ئەكسىچە ئاشۇ تالاش ئەچىگە سۆرەپ كىرىلىپ كېتىدىكەنمىز. بىز 11 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە 15 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ قايسى قوۋمغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردارمىز. مۇشۇ كۆز ئالدىمىزدىكى «ئىلى ‹ئاق ئۆستەڭ›نى كىم چاپقان؟»

دىگەندەك ھەقلىق ئېنىقلىما بېرىپ كېلىــنىــگــەن تــارىــخــي
ئىشلارمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولۇپ كەلگەندى.
ئېتىراپ قىلىش — ھەقنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. ئەمما، بۇنداق
مەسىلىلەر ھەل قىلىنىش جەريانىدا مۇقەررەركى، مــۇنــاســىپ
ئىلمىي تالاش ـ تارتىش ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي قالمايتتى. سۇ-
كۇت — ھەقىقەتنىڭ ئېتىراپى ئەمەس. يوللــۇق تــالاش ـ
تارتىش ئۇسۇلىلا كىشىلەرنى ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەڭ
قايىل قىلارلىق نەتىجىگە ئېپكېلەتتى. مىسالەن، مەن ئابدۇ-
ساتتار ناسىرىينىڭ 1987 ـ يىلى سېنتەبىردە «ئىلى گېزىتى»
دە بېسىلغان «ئىلى ‹ئاق ئۆستەڭ›نى كىم چاپقان؟» ناملىق
ماقالىسىنى ئوقۇغاندا، بۇ ماقالە يېزىش ئۇسۇلىدا ھەققانىي،
تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تارىخىي دەلىللەر ئارقى-
لىق مەنتىقىلىق گەۋدىلەندۇرۇشنى چىقىش قىلغان بىر ئوبدان
ماقالە ئىكەن، دەپ قايىل بولغانىدىم. «ئىلى گېنېرال مەھكى-
مىسى كونا كۆرەدە تەسىس قىلىنىپ 3 ـ يىلى، يەنى 1765 ـ
يىلى تارماق ئۆستەڭلەر بويىچە قېزىلىشقا باشلىنىپ 1825 ـ
يىلى ئاساسەن تاماملانغان. 1843 ـ يىلى رېمونت قىلىنىپ توما
ياسالغان» («ئىلى گېزىتى»نىڭ 1987 ـ يىل سېنتەبىر سانى-
دىن). مۇشۇنداق بىر ئەزىم ئۆستەڭدىن ئىبارەت زور قۇرۇ-
لۇشنى قانداقتۇر بۈيۈك زاتلارنىڭ «تۆھپە»سى شەرىپى بە-
لەن تۇگەللەش تازا ئەقلغە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇنى
پىلانلاش، تەشكىللەش، چېپىپ پۈتتۈرۈش، رېمونت ئىشلىرىغا
ئەينى ھاكىمىيەت، خۇشنىزات، چورۇق ھېكىم... قاتارلىق مەن-
سەپدار ئاقساقاللاردىن تارتىپ لىن زېشۇگىچە كىشىلەر ئىش-
تىراك قىلغان. مۇھىمى، كەڭ ئىلى دېھقانلىرىنىڭ جــاپــالــىق
ئەمگىكى، قان ـ تەرى بەدىلىگە پۈتكەن. مــانــا بــۇ ئــادىل،

www.uyghurkitap.com

ئۇبيېكتىپ هۆكۈم ئىدى. دېمەك، دۇنيادا ئەنە شۇنداق ئىۋە-
لىك ۋە ئىنقىلىما بىرىشكە تىگىشلىك مەسىلىلەرگە كىشىلەر
داۋاملىق دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟
مۇناسىپ ئىنقىلىما تالاش - تارتىش زۆرۈرمۇ - يوق؟

مەلۇمكى، سىز، مەنلا ئەمەس، دۇنيادىكى هەممىلا خەلق
تالىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىگە تەۋە هەقىقەتلەرنىڭ يورۇققا چە-
قىرىلىشى ئۇچۇن زۆرۈرەن تالىشىش كېرەك. بۇ سىزنىڭ
هېچكىم تارتىۋالالمايدىغان يوللۇق هوقۇقىڭىز. بۇگۈنكى «-
تالىشىش»تىن مەقسەت ئاخىرقى هېسابتا تالاشمايدىغان ئە-
تىكى دۇنيانى بەرپا قىلىش ئۇچۇندۇر. بىز بۇ يەردە توختە-
لىۋاتقان، نەقىل ئېلىۋاتقان ئىككى شېئىرغا كەلسەك، مېنىڭچە،
هەر ئىككىلا ئاپتور باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇئەييەن
مەقسەتنى چىقىش قىلىپ ئىجتىمائىيەتتىكى بۇ دائىمي مەسە-
لىدە بىر - بىرىنى قارشى نۇقتىدا تولۇقلاپ، چۇشىنىكنى ئىل-
گىرى سۈرۈپ، تەرەپلەرنىڭ هاياتلىق پەلسەپىسىدىكى مۇ-
كەممەل بىرلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مۇهەممەتجان راشىدىن بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەلنىڭ
هۆرمەت - ئىناۋىتىگە ئىگە پېشقەدەم ئەدىبلەردۇر. ئۇلارنىڭ
ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرى مۇئەييەن خاسلىق بويىچە
تىكلەنگەن نامايانىدىلەردۇر. شۇڭا، مەن مۇهەممەتجان راشى-
دىن ئەپەندى بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى
ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەن، دەپ قا-
رايمەن. بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەتكە يېڭىدىن يېڭى ئىجا-
دىيەت تەپەككۇرى ۋە هۆرمەت يار بولسۇن!

2007 - يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

تەكلىپلىك تەھرىر: ئابلىمىت سادىق
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىيە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتور:

# چىدىساڭ ياشا

ئابلەت ئابدۇللا

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11.25
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 22.00 يۈەن
978-7-105-09622-0/I. 1962(维 285)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

特约编辑：阿布力米提·沙迪克
责任编辑：夏木斯亚·吐尔孙
责任校对：

图书在版编目(CIP)数据

阿布来提·阿布都拉诗集：维吾尔文/阿布来提·阿布都拉著.—北京：民族出版社，2008.10
ISBN 978-7-105-09622-0

Ⅰ.阿…　Ⅱ.阿…　Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 153929 号

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2008 年 11 月第 1 版
　　　　　2008 年 11 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：11.25
印　　数：0001-2000 册
定　　价：22.00 元
　　　　　978-7-105-09622-0/I.1962(维 285)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خالمۇرات بارات

# چىدىساڭ ياشا

بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ، تەخت بىرگە بىر، پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت چاپلىشار.
بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا.

بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلمەيمەن ئۆزەڭدە گۇناھ.
ئالتۇن بول، تۇپراق بول، سەن ئۆزۈڭ دۇنيا.
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز «ئاھ ـ ۋاھ»
بۇ دۇنيا بىرگە بىر چىدىساڭ ياشا.

ISBN 978-7-105-09622-0
9 787105 096220 >
定价: 22.00元